# شەرقىي تۈركىستان ياشلىرى

# 3
# 2002

## دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى

## World Uygur Youth Congress

## WELTKONGRESS DER UYGURISCHEN JUGEND

## ВСЕМИРНЫЙ КОНГРЕСС УЙГУРСКОЙ МОЛОДЁЖИ

## المجلس العالمي للشباب الأويغوري

## *Dünya Uygur Gençleri Kurultayı*

## 世界维吾尔青年大会

# دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيىنىڭ ئورگان ژورنىلى

## مۇندەرىجە


جىددى مۇراجىئەت .................. دولقۇن ئەيسا 2

دەۋلەت باخچەلى ئەپەندىگە مەكتۇپ ........... 4

ئولۇغبېر دۇيۇس ئەپەندىگە مەكتۇپ ............. 6

يا مۇستەقىللىق، يا ئۆلۈم!................ ئىزچەمەن 7

يا سۆي، يا تاشلا! ........................ ئۆتكەن 12

خىتاي ـ تۈركىيە مۇناسىۋەتلىرى ۋە بەزى رېئالىقلار ........................ مەمەت توختى 16

11 ـ سىنتەبىردىن كېيىنكى رۇس ـ خىتاي مۇناسىۋەتلىرى ........ دوكتۇر نەبىجان تۇرسۇن 19

25 ـ فېۋرال ۋەقەسى ۋە ئەخمەت ئەپەندى ........................ شۆھرەت ھوشۇر 23

غەرق بولغان مۇقىتتەسىنىڭ ئەۋلادلىرى ........................ ئالىمجان ئىنايەت 26

شەرقىي تۈركىستان غەربكە ئۈمىد باغلاۋاتىدۇ ........................ سېرگېي كوزلوۋ 33

ئوتتۇرا شەرقتە نىمە بولىۋاتىدۇ ۋە نىمە بولماقچى؟ ........................ چىڭگىز جاندار 36

خىتاي ـ رۇسىيە ھەربىي مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدە بەزى ئۇچۇرلار ........................ 39

دۇنيا پۇتبول مۇسابىقىسى سەھنىسىدە جەۋلان قىلغان ئاي ـ يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق (مۇقاۋىدا)


## ژورنال خادىملىرى:


مەسئۇل مۇھەررىر:

ئەكرەم ھېزىم

مۇھەررىرلەر:

شۆھرەت ھوشۇر

ئۆمەرجان ئىمىن

ئابدۇجېلىل توران

بىلگەتېكىن

كومپيۇتېردا:

مۇنەۋۋەر تالىپ

مەرھابا تۇرسۇن


## ژورنال ۋەكالەتچىلىرى


ئامېرىكا: ئىلىيار شەمشىدىن

كانادا: مەمەت توختى

سەئۇدى ئەرەبىستان:

سىراجىدىن ھاجىم

تۈركىيە:

ئا. توران ، ئەركىن ئەمەت

بېلگىيە:

ئابدۇرېھىمجان، سەيدۇللام

قىرغىزىستان:

تۇرسۇنتاي، ئابدۇراخمان

قازاقىستان: ئابدۇرېشىت

شۋېتسىيە: دىلشات رېشىت

ئەنگلىيە: ئەنۋەر

گېرمانىيە: ئابلىكىم

گوللاندىيە: نىغمەت

# ئالاقىلىشىڭ !

ئەزىز ۋەتەنداشلار:

دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيىنىڭ ئورگان نەشر ئەفكارى بولغان «شەرقىي تۈركستان ياشلىرى» ژورنىلى 2002 ـ يىلى 24 ـ 26 ـ يانۋار گېرمانىيىنىڭ ميۇنخېن شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن دائىمى كومىتېت 1 ـ نۆۋەتلىك كېڭەيتىلگەن يىغىنىنىڭ قارارىغا بىنائەن، پەسىللىك ژورنالدىن قوش ئايلىق ژورنالغا ئۆزگەرتىلدى ۋە ژورنال ئىدارە ھەيئىتى تەرتىپكە سېلىندى. ژورنىلىمىزنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش نۆۋەتتىكى جىددىي ۋەزىپىلىرىمىز قاتارىدا. دەۋا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، مىللەتنىڭ ئاۋازىنى تېخىمۇ جاراڭلىق رەۋىشتە دۇنياغا ئاڭلىتىش، مىللىي مۇستەقىللىقىمىز ئۈچۈن مىننەتسىز بەدەل تۆلەۋاتقان كۆرەش ئەھلىنى توغرا پائالىيەت ئۇسۇلى، يېتەكچى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىي ھەرىكەت پروگراممىسى بىلەن تەمىنلەشكە ئائىت سىياسىي، ئىلمىي ئەسەرلەرگە ئېھتىياجىمىز بارلىقىنى قايتا ئەسكەرتىش بىلەن بىرگە، ياشلار قۇرۇلتىيى ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، تەنقىد، تەكلىپ ھەم پىلان، لايىھەلەر ئارقىلىق قۇرۇلتىيىمىزنىڭ ھاياتىي كۈچىنى يەنىمۇ زورايتىش يولىدا ئىگىشلىك خىزمەتتە بولۇشقا چاقىرىمىز. دەۋايىمىز ئۈچۈن پايدىلىق ھەرقانداق پىكىرگە، ئەسەرگە ئېتىبار بىلەن قارايدىغانلىقىمىزدىن شۈبھىلەنمەسلىكىڭىزنى سورايمىز. ژورنىلىمىزغا ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەر قايتۇرۇلمايدۇ. ئەسەر مەۋقەسى ئاپتورغا خاس.

ژورنال ۋەتەن ئىچى ـ سىرتىغا ھەقسىز تارقىتىلىدۇ. ۋەتەن سىرتىدىكى ئوقۇرمەنلەر ئۆز ئادرېسىغا بىۋاستە ئەۋەتىلىشىنى ئىستىسە، ئىسىم ـ فامىلىسى، ئادرېسى، پوچتا نومۇرىنى ئېنىق يېزىپ، ھەرسان ژورنال ئۈچۈن 2 $ پوچتا ھەققىنى قوشۇپ ژورنال ئىدارە ھەيئىتىگە يوللىسا، ژورنال بىۋاستە ئەۋەتىلىدۇ.

ياشلار قۇرۇلتىيى ۋە ژورنىلىمىز بىلەن ئالاقىلىشىشنى ئىستىگۈچىلەر تۆۋەندىكى ئادرېستىن پايدىلانسا بولىدۇ:

Weltkongress der Uygurischen
Jugend
Postfach: 31 03 12
80103 Munchen - Germany

تەشكىلاتىمىزغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەمدە بولۇشنى خالىغۇچىلار تۆۋەندىكى بانكا ئادرېسىدىن پايدىلانسا بولىدۇ:

Weltkongress der Uygurischen
Jugend
Bankhaus Reuschel & co
Konto Nr : 1036051
BLZ : 70030300

تەشكىلاتىمىزنىڭ تېلېفون ۋە فاكس
نومۇرى : 0049 89 54 03 06 43

ھۆرمەت بىلەن:

ئىنفورماتسىيون ـ تەشۋىقات بۆلۈمى

## جىددى مۇراجىئەت

ھەرقايسى تەشكىلاتلار رەھبەرلىرى ۋە ۋەتەنپەرۋەر زاتلارغا:

ۋەتەندە ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان نۇرغۇن ئىنقىلاۋى پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئاقىۋەت ھاياتى ئۆلۈم تەھدىتىگە يولۇققان ۋە ھەرىكەتلىرى ئۈزۈل - كېسىل چەكلىمىگە ئۇچرىغان بىر قىسىم جەڭگىۋار ئەزىمەتلىرىمىز تەخمىنەن بىر يېرىم يىللار ئىلگىرى، تىبەت ئارقىلىق نىپالغا قېچىپ چىققان ئىدى. ئۇلار نىپال ھۆكۈمىتىدىن سىياسىي پاناھلىق تىلەشكە ئۈلگۈرمەيلا، بىر قىسمى چېگرىدا تۇتۇلۇپ قېلىپ، بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت نىپال تۈرمىسىدا ياتتى. ئامان قالغانلىرى نىپالدا تۇرۇشلۇق UNHCR غا ئىلتىجا قىلغان بولسىمۇ، بىختەرلىك ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالى كاپالەتكە ئىگە بولمىغاچ زور مۈشكۈلات ئىچىدە قالغان ئىدى. دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى ئۇلار قېچىپ چىققاندىن بۈگۈنگە قەدەر، تۈرما ئىچىدىكى ۋە سىرتىدىكى بۇ سەپداشلىرىنى قۇتۇلدۇرۇش يولىدا چامى يەتكەن دائىرىدە تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. نىپالغا ئىككى قېتىم مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى. خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى جىددىيلەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن نىپالدىكى UNHCR نىڭ بۇ ئىشقا بولغان مەسئۇلىيەتچانلىقنى قوزغاشقا تۈرتكە بولدى. نەتىجىدە تۈرمىدىكى شىرئەلى باشلىق ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ ئىلتىجاسى UNHCR تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى. تەشكىلاتىمىز چېگرىدىن قانۇنسىز كىرگەنلىكى تۈپەيلى نىپال ساقچى تەرەپكە تۆلەشكە تېگىشلىك بولغان $8000 نى تۆلەپ، تۈرمىدىكى قېرىنداشلىرىمىزنى ئازات قىلدى. ئەمما سەپداشلىرىمىز UNHCR نىڭ ئاخىرقى تەخسىماتىنى كۈتۈپ تۇرىۋاتقان بىر پەيتتە، يەنى 2001 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ 23 ـ كۈنلىرى ئارىسى ئىلگىرى كېيىن - كېيىن بولۇپ، شىرئەلى باشلىق ئالتە نەپەر قېرىندىشىمىز نىپال ساقچىلىرى تەرىپىدىن قايتىدىن تۇتۇپ كېتىلدى.

تەشكىلاتىمىز UNHCR ۋە AMNESTY بىلەن جىددى ئالاقىلىشىپ ھەمدە نىپالغا يەنە ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇشقا ھەرىكەت قىلغان بولساقمۇ، قايتىدىن تولۇق قۇتۇلدۇرۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىدۇق. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي شىرئەلى باشلىق ئىككى نەپەر قېرىندىشىمىزنىڭ خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىلگەنلىك خەۋىرىنى ئالدۇق. UNHCR گەرچە تۈرمىغا داۋاملىق ئادەم ئەۋەتىپ ئۇلارنى يوقلاپ تۇرىۋاتقانلىقنى ئېيتىپ، بۇ خەۋەرنى دەسلەپتە توغرىلىمىغان بولسىمۇ، يېقىندا ئالغان ئاخىرقى مەلۇماتىمىزنىڭ توغرىلىقنى، ئۇلارنى خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ ئېلىپ كەتكەنلىكنى ئېسپاتلىدى.

بىز بۈگۈنگە قەدەر، نىپالدىكى ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ بىخەتەرلىكنى چىقىش قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇلارنىڭ نىپالدا

ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالماسلىقى ۋە نىپالغا قول سالماسلىقى ئۈچۈن ئىمكانىيەتنىڭ بىرىچە بۇ ئىشنى مەخپىي تۇتۇپ كەلگەن ئىدۇق. بۈگۈن UNHCR نىڭ بۇ خەۋەرنى توغرىلىشى ۋە نىپالدا ھاياتى خەۋپ ئاستىدا تۇرىۋاتقان ھاشىم ئەلى قاتارلىقلارنى قۇتۇلدۇرۇش يۈزىسىدىن AMNESTY نىڭ تۈرلۈك خەلقئارا جەمئىيەتلەر، دۆلەتلەر ۋە شەخسلەرگە نىپالغا بىسىم ئىشلىتىش ھەققىدە مۇراجىئەت ئېلان قىلىشى سەۋەبى بىلەن بۇ جىددىي مۇراجىئەتنى دىققىتىڭلارغا سۇندۇق.

تۈرمىدىكى باشقا قېرىنداشلىرىمىز ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ 26 ـ ئاپرىلغا قەدەر تۈرمىدىن چىققان بولسىمۇ، ھاشىم ئەلى قاتارلىق بۇ سەبداشلىرىمىز يەنىلا ئېغىر خەتەر ئاستىدا تۇرماقتا.

AMNESTY نىڭ ئومۇمى خەلقئارا ھەرىكەت باشلىتىپ ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇش يۈزىسىدىن تەييارلىغان بۇ ماتېرىيال ۋە مۇراجىئەتتىن پايدىلىنىپ، پۈتۈن تەشكىلاتلارنىڭ جىددىي سەپەرۋەرلىككە كېلىشىنى، مۇراجىئەتتە كۆرسىتىلگەن ئادرېس بويىچە نىپال ھۆكۈمىتىگە بىسىم قىلىش ئارقىلىق، مۇشكۈلات ئىچىدىكى بۇ قېرىنداشلىرىمىزنى قۇتۇلدۇرۇش يولىدا پائال ھەرىكەتلىنىشنى مۇراجىئەت قىلىمىز.

ھۆرمەت بىلەن:

دولقۇن ئەيسا

دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى رەئىسى

2002 ـ 20 ـ ئاپرىل

(بېشى 6 ـ بەتتە)

ئەنۋەر توختى:

wuyc ئىجرائىيە كومىتېتى مۇئاۋىن رەئىسى (ئەنگلىيە)

ئابدۇجېلىل تۇران: wuyc تەپتىشى (تۈركىيە)

ئۆمەرجان ئىمىن: wuyc تەپتىشى (گېرمانىيە)

نۇرەخمەت قارى:

wuyc فوندى مۇئاۋىن رەئىسى (گېرمانىيە)

ئۆمەر قانات: wuyc دائىمى كومىتېت ئەزاسى ۋە مەسلىھەتچى (ئامېرىكا)

ئىليار شەمشىدىن:

wuyc ئىجرائىيە كومىتېتى ئەزاسى (ئامېرىكا)

ئۆتكەن:

wuyc ئىجرائىيە كومىتېتى ئەزاسى (ئامېرىكا)

ئۆمەرجان:

wuyc دائىمى كومىتېت ئەزاسى (كانادا)

ئابدۇمېجىت:

wuyc دائىمى كومىتېت ئەزاسى (شۋېتسىيە)

نىمەت:

wuyc ئىجرائىيە كومىتېتى ئەزاسى (گوللاندىيە)

ئەركىن ھوشۇر:

ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى رەئىسى (بېلگىيە)

سەيدۇللام: wuyc شۆبە رەئىسى (بېلگىيە)

ئەكرەم ھېزىم:

wuyc ئىجرائىيە كومىتېتى ئەزاسى (گېرمانىيە)

ئوسمانجان:

wuyc ئىجرائىيە كومىتېتى ئەزاسى (گېرمانىيە)

مەخمۇت ھېيت:

wuyc ئىجرائىيە كومىتېتى ئەزاسى (گېرمانىيە)

ھۆرمەت بىلەن:

دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى

2002 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى

# تۈركىيە مۇئاۋىن باش مىنىستىرى دەۋلەت باغچەلىگە مەكتۇپ

(ئاساسى مەزمۇنى)

هۆرمەتلىك دەۋلەت باغچەلى جانابلىرى:

ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلماقچى بولغانلىقىڭىزدىن سۆيۈندۇق ھەم ئەندىشىلەندۇق. سۆيۈنىشىمىز: شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىنىڭ تۈركىيىدىكى مىللەتچى ھەرىكەت پارتىيىسى باشلىقىنىڭ بىۋاستە كۆزىتىش پۇرسىتىگە ئېرىشىشىدىن بولسا، ئەندىشىمىز: يېقىندىن بېرى خىتاي ـ تۈركىيە مۇناسىۋەتلىرىدىكى تەرەققىياتنىڭ، مەزكۇر ۋەزىيەتنىڭ توغرا كۆزىتىلىش ۋە توغرا باھالىنىشىغا ئەكسى تەسىر كۆرسىتىپ قېلىش ئېھتىمالىدىندۇر. ئېخىمۇ توغرىسى، بۇ ئېھتىماللىقنىڭ 30 مىليون شەرقىي تۈركىستانلىقنى ئۈمىدسىزلىككە مۇپتىلا قىلىپ قويۇش خەتىرىدۇر.

ئۇيغۇر ـــ تۈرك مۇناسىۋەتلىرى، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ نۆۋەتتىكى ھالى ۋە تۈركىيىگە بولغان ئۈمىد ـ ئىستەكلىرى ھەققىدە يېتەرلىك مەلۇماتقا ئىگىسىز. شۇڭا، تۈرك دۇنياسىنىڭ غېمىنى زىممىسىگە ئالغان پارتىيىڭىزنىڭ مەجبۇرىيەتلىرىنى ئەسكەرتىكۈمىز يوق، شۇنداقلا خىتاي پرىزدېنتى جاڭزېمىنغا دۆلەت مېدالى بېرىش نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تۈركىيىگە بولغان ئۈمىدسىزلىكى ھەم نەپرىتىنى، تۈركىيىدىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ خىتايغا قارشى پائالىيەتلىرىنى چەكلەش نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان تۈركىيە ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئازاپلىرىنى، تۈركىيە رەھبىرىنىڭ ئامېرىكا زىيارىتى داۋامىدا شەرقىي تۈركىستاندا تېررورىست مەۋجۇد ئەمەس، دېگەن بولسىمۇ، بۇ قېتىم جۇڭگوچى تۈركىيىگە كەلگەندە شەرقىي تۈركىستان تېررورىغا بىرلىكتە قارشى تۇرۇش ئىبارىسىنىڭ تىلغا ئېلىنىشى ئاقىۋىتىدە كېلىپ چىققان نارازىلىقلارنى ۋە تۈركىيىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا بۈگۈنگە قەدەر ھېچ بىر ئەمەلىي ھېسداشلىقلىرىنىڭ ئىپادە ئېتىلمەسلى قاتارلىق بىر تالاي مەسىلىلەر ھەققىدىكى پىكىرلىرىمىزنى دېققىتىڭىزگە سۇنماقچى ئەمەسمىز. تەشكىلاتىمىز(DUYQ) بۇ قېتىم پەقەت، تۆۋەندىكى بىرقانچە خۇسۇستا سىزنى ئاگاھلاندۇرۇش بىلەن، زىيارىتىڭىز داۋامىدا خىتاينىڭ ساقتا مەلۇمات ۋە كۆرۈنۈشلەر ئارقىلىق تۈركىينى ئالدايدىغانلىقنى سەمىڭىزگە سالىدۇ:

1 . خىتاي ھۆكۈمىتى سىزنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۈرۈمچى قاتارلىق نىسپەتەن تەرەققى قىلغان شەھەرلىرىنى كەزدۈرۈپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاساسى قۇرۇلۇش سەۋىيىسىدىن خاتا مەلۇمات بېرىشى مۇمكىن. بىز بۇ شەھەرلەرنىڭ تەرەققىياتىدىن يەرلىك

خەلق بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلا بەھرىمەن ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈپ ئۆتۈمىز...

2 . زىيارىتىڭىز جەريانىدا، خىتاي ھۆكۈمىتى سىزنى ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى خائىن ياكى ئالدانغان كىشىلەر بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ ھەم سۆزلىتىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرادىسى ۋە ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ھەققىدە خاتا مەلۇماتقا ئىگە قىلىشى مۇمكىن. سىز بىلەن ئۇچراشتۇرۇلغان ھەرقانداق ئۇيغۇرنىڭ مىللىتىمىز ۋەكىلى ئەمەسلىكىنى دىققىتىڭىزدىن ئايرىماسلىقىڭىزنى سورايمىز.

3 . خىتاي ھۆكۈمىتى سىزنى يەنە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى مەتبۇئاتلىرى، مەكتەپلىرى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئۆرۈنلىرى، مەسچىتلىرى قاتارلىق جايلارنى كەزدۈرۈش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئىزچىل داۋام قىلىۋاتقان دىنىي ۋە مەدەنىي قىرغىنچىلىقلىرىنى پەردازلىشى مۇمكىن. بىز بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ خىتاي مۇستەملىكىسىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن قوللىنىلىۋاتقىنىنى ئەسكەرتىش بىلەن بىرگە، يېقىنقى تۆت يىل ئىچىدە 300 دىن ئارتۇق ئۇيغۇرنىڭ ئۆز ئۆلۈم ھۆكۈمىنامىسىنى ئۇيغۇرچە تاپشۇرۇپ ئالغانلىقىنىمۇ سەمىڭىزگە سېلىپ ئۆتىمىز.

4 . خىتاي تەرەپ سىزگە سەرقىي تۈركىستانىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە دوكلاد بەرگىنىدە دۇنيا بىلەن ئۇيغۇر، خىتاي بىلەن ئۇيغۇر سېلىشتۇرمىسى ئېلىپ بارماستىن، بۇنىدىن 50 يىل بۇرۇنقى ئەھۋال بىلەن بۈگۈننى سېلىشتۇرۇپ، ئالەمشۇمۇل ئۆزگۈرۈشلەر ھەققىدە سۆز ئېچىشى مۇمكىن. بىز پەقەت ئاتالمىش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر سانىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىگىلىگەن نىسپىتىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى ھەققىدە بىر مەلۇمات سوراپ باقسىڭىزلا، خىتاي دوكلاتىدىكى يەكۈنلەرنىڭ چىنلىق دەرىجىسى ھەققىدە يېتەرلىك قانائەتكە ئىگە بولىسىز، دەپ تەخمىن قىلىمىز.

5 . زىيارىتىڭىز داۋامىدا خىتاي ئەمەلدارلىرى، پۇخرالىرى ۋە مۇناپىق ئۇيغۇرلار سىزگە ئادەتتىن تاشقىرى قىزغىنلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق ھېسسىياتىڭىزنى رام ئەيلەپ، خىتاي بىلەن شەرقىي تۈركىستان ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەسسەسىز زىددىيەتلەرنى يوشۇرۇشى، «مىللەتلەر ــــ ئىنىنچ، ئىتتىپاق، باياشات» لىق تۈيغۇسى بېرىشى مۇمكىن.

بىز بىلدۈرۈپ ئۆتكەن بۇ نۇقتىلارنى نەزەردە تۇتقىنىڭىزدا ھەم زىيارىتىڭىزدىن بۇرۇن ياكى كېيىن بىز سۇنغان شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتى ھەققىدىكى مەخسۇس دوكلاتنى بىر كۆرۈپ چىقىپ، ئاندىن بۇ قېتىمقى زىيارىتىڭىز ھەققىدە بايانات بەرگىنىڭىزدە، مەسىلىگە تۈركلىك، مۇسۇلمانلىق مەيدانىدا تۇرۇپ پوزىتسىيە بىلدۈرەلمىسىڭىزمۇ، ئىنسانىي نۇقتىدىن پوزىتسىيە بىلدۈرەلەيدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمىز.

زىيارىتىڭىزغا ئۇتۇق تىلەپ،

ھۆرمەت بىلەن:

**دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى**

2002 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى

# ئۇلۇغۋار دۇپۇيىس ئەپەندىگە مەكتۇپ

ترانسناتسىيۇنال رادىكال پارتىيە باش كاتىۋى ئۇلۇغۋار دۇپۇيىس ئەپەندىگە:

ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش كۆرىشىدىكى چېچەنىستانىنىڭ مۇستەقىللىق ۋە ئەركىنلىك ئارزۇ - ئىستەكلىرى روسىيە تەرىپىدىن قانلىق باستۇرۇلماقتا. چېچەن خەلقى دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاشلا مۇستەقىل، ھۆر ياشاش ھەققىگە ئىگە بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بۇ ھەق - ھوقۇقلىرى ئېتىراپ قىلىنمايلا قالماستىن، روس دۆلىتى ئۇلارنى «تېرورىست» بەتنامى بىلەن قارىلاپ، تارىخ سەھنىسىدىن پۈتۈنلەي يوق قىلىش، بىر مىللەت، بىر مەدەنىيەتنىڭ ئىزىنى تامامەن ئۆچۈرۈپ تاشلاش يولىدا ئومۇمى يۈزلۈك قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارماقتا.

روسىيىنىڭ چېچەنىستاندا، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان ۋە تىبەتتە ئېلىپ بېرىۋاتقان ۋەھشى قىرغىنچىلىقى 21 - ئەسىر ئىنسانلىق ئالىمى ئۈچۈن، دۇنيا مەدەنىيەت تارىخى ئۈچۈن بىر قارا داغدۇر. دېمۇكراتىك دۆلەتلەرنىڭ بۇ قىرغىنچىلىققا قارىتا سۈكۈت قىلىشى دېمۇكراتىيە ۋە ئىنسان ھەقلىرى ئۈچۈن زور ھاقارەتتۇر.

ترانسناتسىيۇنال رادىكال پارتىيە يىللاردىن بۇيان چېچەنىستان، تىبەت ۋە ئۇيغۇر خەلقلىرىنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش، ئىنسانىي ھەق - ھوقۇقلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى كۆرەشلىرىنى قوللىماقتا ۋە ھېسداشلىق قىلماقتا. ترانسناتسىيۇنال رادىكال پارتىيىنىڭ بۇ غەيرەت - جاسارەتلىرى ئۈچۈن دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى پۈتكۈل ئۇيغۇر خەلقىگە ۋەكالىتەن رەخمەت ئېيتىدۇ.

ھۆرمەتلىك ئۇلۇغۋار ئەپەندى، سىزنىڭ چېچەنىستان خەلقىنى قوللاش يۈزىسىدىن شۇ تاپتا ئېلىپ بېرىۋاتقان ئاچلىق ئېلان قىلىش ھەرىكىتىڭىز يالغۇز چېچەنىستان خەلقى ئۈچۈنلا ئەمەس، ئۇيغۇر، تىبەت خەلقلىرىگە ئوخشاش مۇستەملىكە ئاستىدىكى بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئىنسانى ھەقلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى كۆرەشلىرى ئۈچۈنمۇ زور ئىلھام ۋە تەسەللىدۇر. ياشلار قۇرۇلتىيى بارلىق ئۇيغۇر خەلقىگە ۋەكالىتەن سىزنى قوللايدۇ، سىز بىلەن بىر سەپتە ئىكەنلىكىنى جاكالايدۇ.

دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى دائىمى كومىتېت ئەزالىرى سىزنى قوللاپ چېچەنىستان ئۈچۈن 2002 - يىلى 3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى سائەت 15:00 تىن 2002 - يىلى 3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى سائەت 15:00 گىچە بىر سوتكا ئاچلىق ئېلان قىلىشنى قارار قىلىپ، ئىجرا ئەتتى.

ئىشتىراك قىلغۇچىلار:

**دولقۇن ئەيسا : دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىي (wuyc) رەئىسى (گېرمانىيە)**

**مەمەت توختى: wuyc مۇئاۋىن رەئىسى (كانادا)**

**ئابدۇرېشىت تۇردى:**
**wuyc مۇئاۋىن رەئىسى (قازاقىستان)**

**ئابلىكىم ئىدرىس:**
**wuyc ئىجرائىيە كومىتېتى رەئىسى (گېرمانىيە)**

**ئەركىن ئەمەت:**
**wuyc ئىجرائىيە كومىتېتى مۇئاۋىن رەئىسى (تۈركىيە)**

(داۋامى 3 - بەتتە)

# يا مۇستەقىللىق، يا ئۆلۈم!

ئىزچىمەن

## بىرىنچى بۆلۈم

## ۋەتىنىمىزنىڭ بۈگۈنكى ۋەزىيىتى

### 1 - پاراگراف : نوپۇس ئىشغالىيەتچىلىكى

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

بىزنىڭ «ۋەتەنپەرۋەر» لىرىمىزنىڭ دەل ئەكسىچە، بىر بىرى بىلەن 20 يىلدىن بىرى قانلىق جەڭلەرنى قىلىپ كېلىۋاتقان گومىنداڭ خىتايلىرى بىلەن گوڭچەنداڭ خىتايلىرى مىللىي مەنپەئەت ئالدىدا ئۈن - تىنسىز بىرلىشىپ كەتكەندى. گومىنداڭ تاجاۋۇزچى خىتايلىرى ۋەتىنىمىزنى خىتاي مۇستەملىكىسى ھالىتىدە تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن كاكارلىرىدىكى 12 شۇارنى ھېچ تەمتىرىمەيلا بەش شۇارغا ئالماشتۇرۇشتى. نادان خەلقنى ئالداش جەھەتتە 30 يىللىق تەجرىبىگە ئىگە خىتاي كوممۇنىستلىرى قوشۇنى بولسا خەلقىمىزنىڭ ئىشىك ئالدىلىرىنى سۈپۈرۈش، باللىرىمىزغا كەمپۈت تارقىتىش قاتارلىق ھىلىگەرلىكلەر بىلەن خەلقىمىزنىڭ مېڭىسىنى قوچۇشقا كىرىشتى. ئارقىدىنلا ئاللىمۇ قاچان ئۆزلىرىگە قوشۇلۇپ كەتكەن «گومىنداڭچىلارنىڭ قالدۇقلىرىنى تازىلاپ بولۇپلا چىقىپ كېتىمىز» دېگەن كۆلكىلىك باھانىنى توقۇپ چىقىرىپ، خەلقىمىز ئارىسىدىكى مىللەتسۆيەرلەرنى، بايلىرىمىزنى، دىنىي زاتلىرىمىزنى، كوممۇنىزىم ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلمايدىغانلارنى ئالا قويماي قىرىپ تۈگەتتى. قىسقىغىنا بىرقانچە يىل ئىچىدىلا خەلقىمىز ئارىسىدىكى ئۆزلىرىنىڭ مىللىي كىملىكىنى، دىنىي ئېتىقادىنى، ئىقتىسادىي ھوقۇقىنى، ئەسكىرىي كۈچىنى، مەمۇرى ھوقۇقىنى ھىمايە قىلىش ئېھتىمالى بولغان بارلىق ئوقۇمۇشلۇق كىشىلىرىمىزنى ۋە ئۇلارنىڭ ھىمايىچىلىرىنى زومىگەر، ئەكسىل ئىنقىلابچى دېگەندەك بەتناملار بىلەن پۈتۈنلەي تازىلاپ چىقىپ، خەلقىمىزنى مىللىي كىملىكىنى تونۇتىدىغان ئاۋانگارت كىشىلىرىدىن بىر ئەۋلاد مەھرۇم قالدۇردى. يېتەكچىسىز قالغان خەلق بۇرخان شەھىدى، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارىدىكى مىللىي مۇناپىقلارنىڭ قولى بىلەن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا قول قىلىپ تۇتقۇزۇلدى!

شۇنداقتىمۇ ئىككىنچى جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىمىزدىن قالغان مىللىي ئارمىيىمىز تېخىچە ساقلىنىپ تۇرىۋاتاتتى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ھەر خىل ئالدامچىلىقلار بىلەن مىللىي ئارمىيىمىزنى ئەسلى بازىلىرىدىن يۆتكەپ چىقىپ «گومىنداڭ قالدۇقلىرىغا، باندىتلارغا زەربە بېرىش» دېگەن

ئويغۇرمىچىلىق بىلەن مىللىي قوشۇنىمىزنى زىددىيەتلەر قاينىمى ۋە يەرلىك قەۋمىلەر زىددىيىتى ئىچىگە پاتۇرىۋەتتى. «يەرلىك كادىر مەنبەسى» باھانىسىدا جەڭگىۋار يېتەكچى ئوفىتسىر ـ جەڭچىلىرىمىزنى پولكىلىرىدىن ئايرىپ، يىراق يېزا ـ كەنتلەرگە تارقىتىۋەتتى. بىر قىسىملىرىنى ئەسكەرلىكتىن چىقىرىپ «دۆڭگە يېقىتىش» نى ئىشقا ئاشۇردى. يېتەكچىسىز قالغان مىللىي قىسىملارنى چىگرا قوغداش باھانىسىدا تاغ ـ دەشتلەردە ئايلاندۇرۇپ ئىرادىسىنى، غايىسىنى، مىللىي غۇرۇرىنى، دىنىي ئېتىقادىنى سۇسلاشتۇرۇش، جەڭگىۋارلىقىنى سۇندۇرۇش، ئايرىپ پارچىلىۋېتىش، مىللىي ئايرىمىچىلىقنى يوقۇتۇش باھانىسىدا خىتاي تاجاۋۇزچى دېۋىزىيە، پولكىلىرىگە بىردىن ـ بىردىن چېچىۋېتىش، ھەتتا زورۇرىيىتى قالمىدى، دەپ بىراقلا تارقىتىۋېتىش چارىلىرىنى قوللىنىپ خەلقىمىزنى قورالسىزلاندۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرىۋالدى. بۇنىڭ ئەكسىچە مىللىي قوشۇندىن ئايرىلغان كونا ئازات رايونلارغا، مۇھىم تارىخى ئۇرۇش مەيدانلىرىغا، مۇھىم قاتناش تۈگۈنى، مۇھىم شەھەر ئەتراپلىرىغا مۇھىم بايلىق مەنبەلىرىمىزگە ئىنتايىن مەخپىي تۈردە خىتاي تاجاۋۇزچى ئەسكەرلىرىنى جايلاشتۇرۇشقا كىرىشتى. دەسلەپتە مىللىي ئاھالە زىچ رايونلارغا بىۋاستە كىرەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، مۇنبەت يەرلىرىمىز ۋە بايلىق مەنبەلىرىمىزنى ئىگىلەشكە قويۇلغان پولك، دېۋىزىيىلىرىنى قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللاندۇرۇپ، تەدرىجى ساپ خىتاي سانائەت رايونلىرىنى شەكىللەندۈرۈشكە مەخپىي ئاتلاندى. ۋەتىنىمىزنىڭ مىللىي ئىقتىسادىنى تولۇق نابۇت قىلىش مەقسىدىگە يەتكەندىن كېيىن، دەرھال «ئىككىنچى شاڭخەي»، «ئۈچىنچى تەنجىن» دېگەندەك دەبدەبىلىك ئاتلار بىلەن بۇنداق شەھەرلەرنى ئاشكارىلاشقا باشلىدى. ئەينى يىللاردا ئىككىنچى شاڭخەي، دەپ داۋراڭ قىلىشقان بۈگۈنكى شىخەنزە ھەربىي شەھىرىنى زىيارەت قىلىپ كەلگەن قالاق كىشىلىرىمىزنىڭ ئاتالمىش «خىتاي قۇدرىتى» دىن ئاغزى ئېچىلىپلا قالغاندى.

ئەسلىدە بۇ شەھەر مىللىي قوشۇنىمىز ئەڭ ئاخىرقى زەپەرگە ئاتلىنىش ئۈچۈن ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا چۈشكۈن تۈزگەن شەرەپلىك تارىخىي ماكان ئىدى. مانا بۈگۈن بۇ شەرەپلىك تۇپراقلاردا تولۇق خىتايلاشتۇرۇلغان مىليون كىشىلىك ئەڭ زامانىۋى ۋە يېرىم ھەربىي «ئىككىنچى خىتاي دۆلىتى» نىڭ ئەۋرىشكىسىنى كۆرمەكتىمىز. بۇنداق مىساللاردىن غۇلجا ھەرەمباغنى، غۇلجا كۈرەنى، كۈيتۇڭنى، ئۇششاقتالنى، داخىيەننى، ۋۇجاچۈنى... كۆرەلەيمىز. بۇلارنىڭ ھەممىسى خىتايلارنىڭ تارىختا ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن ئەڭ ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان جەڭ مەيدانلىرى ياكى تاقابىل تۇرالمىغان مىللىي قارشىلىق كۆرستىش نۇقتىلىرى ئىكەنلىكىنى ھەرگىز ئۇنۇتماسلىقىمىز لازىم. ئەڭ مۇھىمى خىتايلاشتۇرۇلغان بۇ يېرىم ھەربىي ياكى تولۇق قوراللىق ھەربىي سانائەت بازىلىرىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا خەلقىمىزنى باستۇرۇش ئۈچۈنلا مۆكتۈرۈلگەن ھەربىي بازىلار ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتماسلىقىمىز شەرت! يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى خەلقىمىزدىن ئەنسىرەپ

كېتىدىغان يېرى قالمىغانلىقىنى مۆلچەرلەشكەندىن كېيىن، بۇخىل ساپ خىتايلاشتۇرۇلغان بىڭتۈەن «يېڭى شەھەر» لىرىنى ئاشكارىلاپ، يەرلىك شەھەرلەرنى ئوچۇق خىتايلاشتۇرۇش ھەرىكىتىگە ئاتلىنىپ، ئۈرۈمچى، سانجى، ئالتاي، چۆچەك، بۆرتالا، غۇلجا، قۇمۇل، كورلا، ئاقسۇ قاتارىدىكى شەھەرلىرىمىزنىمۇ ئۈستۈن خىتاي نوپۇسى ھالىتىگە كەلتۈرۈۋالدى. ھەتتا شىمالدىكى نۇرغۇن ناھىيە، يېزىلىرىمىزمۇ، بارلىق شەھەرلەرنىڭ ئەتراپ كەنتلىرىمۇ ئاساسەن ئۈستۈن خىتاي نوپۇسى ھالىتىگە كەلتۈرۈلۈپ بولۇندى. ئەمدى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى قېپ قالغان ساپ مىللىي يېزا - مەھەللىلىرىمىزنىمۇ ئۈستۈن خىتاي نوپۇسى ھالىتىگە كەلتۈرۈشكە ئاتلانماقتا.

بۇ جەرياندا ئەنە شۇ مەخپىي ھەربىي بازىلار، بىڭتۈەنلەر، ھەبىي زاۋۇت، كان - كارخانا يەرلىرى، چېگرا بويلىرى خەلقىمىزدىن مۇتلەق مەخپىي تۇتۇلغان ۋە مىللىي قوراللىق قوۋۋىتىمىز بار يىللاردا ئىنتايىن مەخپىي شەكىلدە ئۈستۈن خىتاي نوپۇسى يارىتىش مەخپىي بازىلىرى قىلىنغان ئىدى. ھەتتا مەخپىي تۈرمىلەرمۇ خىتاي نوپۇسى يارىتىش ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن ئىدى. مانا بۇگۈن ھەرقانداق «سۆلھىچى ئەۋلىيا» قۇرۇق گەپ بىلەن خىتاي كۆپىيىش دولقۇنىنى قەتئىي توسۇيالماس ھال يارىتىلدى. توساش تۇرماق، شەھەر نوپۇسىدىكى خەلقىمىز كېرەكسىزلەر، دېگەن نام بىلەن ئاشكارە ئىشتىن قوغلىنىپ، چەت يەرلەرگە سۈرگۈن قىلىنماقتا. قىسقىسى، بۇگۈن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى يېرىم ئەسىر ئاۋالقى جاڭجېجۇڭنىڭ خىتايلاشتۇرۇش لايىھىسىنى ھەقىقىي تۈردە ئەمەلگە ئاشۇرۇپ ئورۇنداش باسقۇچىدا تۇرماقتا. ئۇلار بۇ ھالەتكە «دۈشمەن قالدۇقىنى تازىلاپ بېرىش، ياردەم بېرىش، گۆللەندۈرۈپ بېرىش، ئېچىپ بېرىش، قېزىپ بېرىش...» دېگەندەك ناملار بىلەن ئېرىشتى. بىز بۇ شۇئارلىرىغا ئويلانماستىنلا ئىشەنگەن ئىدۇق. بەلكىم ھازىرمۇ ئىشەنمەكتىمىز. ھالبۇكى خىتايلار ۋەتىنىمىزنى «تارىختىن بۇيان خىتاي گۆللەندۈرۈپ كېلىۋاتقان تېپىك خىتاي يۇرتىدۇر» دەپ ئاللا بۇرۇن دۇنياغا جاكالاپ بولدى. بۇگۈن خىتايلار ۋەتىنىمىزگە 30 مىليۇن، 50 مىليۇن، ھەتتا 100 مىليۇن خىتاي تىلەمچىسى كەلتۈرۈش ئۈستىدە جىددىي پىلانلار تۈزمەكتە!

ئەگەر ۋەتىنىمىز تۇپراقلىرىدىكى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ نوپۇسى خەلقىمىز نوپۇسىدىن بىر ئىككى ھەسسە ئارتىپلا كېتىدىكەن، ۋەتىنىمىزنىڭ «پالانى جۇمھۇرىيەت» نامىدا مۇستەقىل بولۇشىنىمۇ ھەرگىز رەت قىلماسلىقى مۇمكىن. چۈنكى ۋەتىنىمىزدە مۇتلەق ئۈستۈن نوپۇسقا ئېرىشىۋالغان، ۋەتىنىمىزنىڭ بارلىق سانائەت، شەھەر، مەمۇرى ھوقۇق، قوراللىق كۈچلەرنى چاڭگىلىدا تۇتۇپ تۇرىۋاتقان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى مۇستەقىل بولغاندىن كېيىنمۇ «ئىككىنچى كىچىك خىتاي دۆلىتى» شەكلىدە مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ساقلاپ، بىزنىڭ يوقۇلىشىمىزنى كىچىك ئىشلار ھالىتىگە كەلتۈرىۋالغان ھەقىقىي خىتاي دۆلىتى ھالىتىگە كېلىۋالىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا 50 مىڭ خىتايغا تەڭ كېلەلمىگەن خەلقىمىز 50 مىليۇن خىتايغا زادىلا تەڭ كېلەلمەيدۇ. رۆشەنكى، دۇنيانىڭ ھەرقانداق بىر بۇلۇڭىدا بۇ خەلققە ھېسداشلىق قىلىپ 50 مىليۇن ئاھالىسى بار خىتايلارنى قوغلاپ چىقىرالايدىغان كۈچ تېپىلمايدۇ. چۈنكى بۇ «كىچىك خىتاي دۆلىتى»

نىڭ ئارقىسىدا بىر يېرىم مىليارد نوپۇسلۇق چوڭ خىتاي دۆلىتى ئۇلارغا ئارقا تېرەك بولۇپ بېرىدۇ. ئۇ چاغدا ھەممىدىن مەھرۇم بولغان خەلقىمىز سەرگەردان سىگانلارنىڭ ياكى ئامېرىكا ھىندىئانلىرىنىڭ ئورنىغا چۈشۈپ قېلىپ، ھەممە مەسخىرە قىلىدىغان ۋە پەست كۆرىدىغان ئىنسانىيەت چۈپرەندىلىرىگە ئايلىنىدۇ.

مانا بۇ، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى يۈرگۈزۈۋاتقان نوپۇس كۆپەيتىش سىياستىنىڭ ئاخىرقى مەقسىدى!

روسلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى بېسىۋېلىشى، ئېنگلىزلارنىڭ شەرقىي جەنۇبى ئاسىيانى بېسىۋېلىشى خىتايلارنىڭ باسقۇنچىلىقىدىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. ياۋرۇپالىقلارنىڭ مۇستەملىكە سىياستى ئىقتىسادى كېڭەيمىچىلىك ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، بايلىق بازار ئامىللىرى ئورنىدا پايدىلانغان بولسا، بۈگۈنكى خىتايلار ۋەتىنىمىزنى ھاياتلىق ماكانى سۈپىتىدە بېسىپ ياتماقتا. شۇڭا ئېنگلىزلار ئاسىيادىكى مۇستەملىكىلىرىدىن ئايرىلغاندا، روسلار ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئايرىلغاندا ئۈستىدىن بىر يۈكنى ئېلىپ تاشلىغاندەك يېنىكلىك ھېس قىلىشقان ئىدى. بۈگۈنكى دۇنيا ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلىرىمۇ بۇرۇنقىدىن پەرقلىق ھالدا بېقىندىلار خام ئەشيانى ئۆزلىرى ئالدىغا ئەكىلىپ بېرىش، ماللىرىنى تالىشىپ سېتىۋېلىش شەكلىگە قاراپ ئۆزگىرىۋاتقاچقا بۇرۇنقىدەك كەسكىن مۇستەملىكىلىك باشقۇرۇش شەكلىگە ھاجىتى قالمىدى. ئەمما خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ۋەتىنىمىزدىن ئايرىلىپ قېلىشنى مىللىي تەقدىرىنىڭ زاۋالى دەپ چۈشەنمەكتە. شۇنداق ئىكەن، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ۋەتىنىمىزدىن ھەرگىز قۇرۇق سۆزلەردىن قورقۇپ ئۆزلىكىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ. بۇنداق بىر تاجاۋۇزچىنى نوپۇس سانىمىز بىلەن، 20 مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئا ق ش نىڭ ئېغىزىدىن قاچۇرۇپ قويغان بىر ـ ئىككى ئېغىز گېپىدىن قورقۇتۇپ چېكىنىشكە مەجبۇرلاش ئېھتىمالىنى خامخىيال قىلىپ خەلقىمىزنى جىم تۇرۇشقا مەجبۇرلاۋاتقان مەدەنىي زىيالىلىرىمىزغا ئەپسۇسلىنىمىز. خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى پەقەتلا قوراللىق ۋەھىمىدىن قورقۇپ ۋەتىنىمىزدىن چېكىنىدۇ. بۇ يەردە قوراللىرىمىزنىڭ دۈشمەننىڭكىدىن كۈچلۈك ـ ئاجىز بولىشى، ئۇرۇش تاكتىكىلىرىمىزنىڭ دۈشمەننىڭكىدىن مۇكەممەل بولېشى مۇھىم ئەمەس. مۇھىم بولغىنى ئەڭ مۇۋاپىق تاكتىكا شەكلىنى ئالغان ئىزچىللىق. خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بۇ ھەقىقەتنى بىزدىن بالدۇر بىلگەچكە ۋەتىنىمىز خەلقىگە بىرمۇ مىللىي پولىك ساقلاشقا يول قويمىدى. شۇ سەۋەپتىن خەلقىمىزگە مىللىي كىملىكنى تونۇتىدىغان، قايتا كۈچلىنىشكە سەۋەپ بولۇپ قالىدىغان قىلىچلىك ئىمكانىيەتلەرنىمۇ قالدۇرماي يوقۇتۇپ كەلدى. بۇنداق بىر دۈشمەنگە نوپۇس سانىمىزنى باھانە قىلىپ كۆرسىتىپ قارشى چىقىشنى ئويلاش قىلچىمۇ ئەقىلگە سىغمايدۇ.

ئەپسۇسكى، بىزنىڭ ئوقۇمۇشلۇق ئەرباپلىرىمىز ئارىسىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر خەلقىمىزنى نوپۇس ئويۇنىغا ئوخشاش ئەھمىيەتسىز ئىشلار ئەتراپىغا جەلىپ قىلىۋېلىپ، ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋە ئەڭ بىخەتەر مەخپىي زەربە بېرىش ھەرىكەتلىرىگە ئاتلىنىش قىزغىنلىقى ھەم تەشۋىقاتىنى خىتاي

تاجاۋۇزچىلىرىدىن بالدۇر باستۇرۇش، چەكلەش، ئۇجۇقتۇرۇشلار بىلەن مەشغۇل بولماقتا. بۇ جەھەتتە مەدەنىي غەرب ئەللىرىگە يېقىندىن بىرى بېرىپ جايلىشىۋالغان «زامانىمىزنىڭ بىلەرمەنلىرى» تاجىنى كەيگەنلەر ئالاھىدە تۈرتكىلىك رولىلارنى ئوينىماقتا. بىزنىڭ دۈشمىنىمىز بولغان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بۇ ئەرباپلىرىمىزنىڭ ئەكسىچە، خەلقىمىز ئارىسىدا ئىدىيىۋى زىددىيەتلەرنى كۆچەيتىدىغان ئىچكى قالايمىقانچىلىقلارغا زور مەبلەغ سېلىپ، يۇقىرىدىكىدەك پىكىردىكى كىشىلىرىمىز ۋاستىسىدا خەلقىمىزنى تىزگىنلەشكە تىرىشماقتا. ئۇنىڭ بەدىلىگە ۋەتىنىمىزگە قوش رېلىسلىق تۆمۈر يول تارتىپ كەلدى ۋە نېفىت تۇربا يوللىرى ياتقۇزۇشنى بىخەتەر ئىشقا ئاشۇرماقتا. ۋەتەنىنىڭ تەبىئىي گازلىرىنى تۇربا يولى ئارقىلىق بىۋاستە شاڭخەيگە يۆتكەش قۇرۇلۇشىغا قورۇقماي مەبلەغ سالماقتا. ۋەتىنىمىزدىكى تاجاۋۇزچى خىتاي نوپۇسىنىڭ سۈنئىي كۆپىيىشىنى تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىدىن ھەسسىلەپ ئاشۇرماقتا. ئەمدى بىر قىسىم نوپۇس ئويۇنچىلىرىمىز يېپىيىڭى بىر قورقۇتۇش سۆزىنى تەرغىب قىلىشماقتا: «ۋەتىنىمىزگە كېلىۋاتقان خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ سانى ئاللىمۇ قاچان 30 مىليۇندىن ئېشىپ كەتتى. ھەتتا 50 مىليۇنغا يېقىنلاشقان دېيىشكىمۇ بولىدۇ!»

بۇلار ئەمدى نېمە دېمەكچى؟ ۋەتىنىمىزنى بېسىپ ياتقان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئاللاقاچان قوغلاپ چىقارغىلى بولىدىغان سان چەكلىمىسىدىن ئېشىپ كەتتى، ئەمدى ئۇلار بىلەن «تېنچ بىرگە ئۆتۈش» يولىمىزلا قالدى، دېمەكچىمۇ؟ بۇنداق ئەمەلىي قانۇنىيەتلەرگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بەڭگىنىڭ مەنتىقىسى بويىچە قىلىنغان ھېساپ ئەلۋەتتە ئارتۇق چىقىدۇ. بۇمۇ بىر خىل مىللىي مۇناپىقلىق شەكلى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقماقتا. بىز مۇنداق زىيانلىق مۇبالىغە ياراتقۇچىلارنىڭ تارقاتقان ۋەھىمىسىگە قىلچە قۇلاق سالماسلىقىمىز لازىم. ئەمەلىيەت شۇكى، ۋەتىنىمىزنىڭ مىللىي مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىزنىڭ ئالدىنقى شەرتى: ۋەتىنىمىزدىكى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ سانىنى 50 مىڭنىڭ ئاستىغا چۈشۈرۈش. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، ۋەتىنىمىزدىكى ئەڭ چوڭ دۈشمەن خەۋپى يىلىغا بىر مىليونلۇق سۈرئەت بىلەن ئارتىپ كېتىۋاتقان ــ سۈنئىي ۋە تەبىئىي ئارتىپ كېتىۋاتقان 10 مىليۇندىن ئارتۇق خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىدىن كەلمەكتە. بىزنىڭ نوپۇس تەرغىباتچىلىرىمىز ئەجىبا بۇ دۈشمەن نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشىگە ھەقىقىي چەكلىمە قويالايدىغان قايسى بىر پىلاننى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقتى؟ «تېنچلىق!». ئۇلار خەلقىمىزنى دۈشمەنگە قارشى چىقماي تېنچ تۇرۇشتىن باشقا ھېچقانداق بىر ھەرىكەتكە يېتەكلىگىنى يوق. دىققەت بىلەن كۆرۈپ چىقىدىغان بولساق، ئوتتۇرا ئاسىيا، ياۋروپا، ئامېرىكا، ئاۋىستىرالىيىدىكى داڭلىق زىيالىلىرىمىز، داھىلىرىمىز، بىلەرمەنلىرىمىزنىڭ ھەممىسىلا خەلقىمىزگە «تېنچ تۇر» دىن باشقا ھېچقانداق بىر ھەرىكەت پروگراممىسى تۈزۈپ بەرمىگەن. ھەتتا ئۇدۇل سورىغىنىڭىزدىمۇ «ئەۋلىياسى» ئوتتۇرىغا چىقىپ، ۋەتەن ئازاتلىقىنىڭ كەلگۈسى ھەرىكەت پىلانى ياكى پروگراممىسى، دەپ بىرەر ۋاراق نەرسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كۆرسىتەلمەيدۇ. «تېنچ تۇرۇش» نىڭ پروگراممىسى بولسىمۇ كۆرسەتسە مەيلىدى!

دەرۋەقە، تېنچ يېتىشنىڭ پروگراممىسى يوق ـ دە؟

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

# يا سۆي، يا تاشلا!

(مىللەتچىلىك ۋە مىللەتتىن شىكايەت مەسىلىسى ئۈستىدە)

ئۆتكەن

مىللەتچىلىك ــ مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا مىللەتنىڭ كەمچىلىكىنىمۇ قوشۇپ سۆيۈش، دېمەكتۇر. بىر مىللەتنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى شۇ مىللەتنىڭ بارلىق ئەزالىرى، ھەتتا يات مىللەتلەرمۇ سۆيىدۇ. كەمچىلىكىنى بولسا شۇ مىللەتنىڭ مىللەتچىلىرىلا سۆيەلەيدۇ. ھەرقانداق بىر سۆيۈشنىڭ بەدىلى بار. مىللەتنى سۆيۈشنىڭ بەدەللىرىدىن بىرى ھەم ئۆز مىللىتىنىڭ كەمچىلىكلىرىنىمۇ سۆيۈشتۇر. مىللەتنىڭ كەمچىلىكىنى سۆيۈش دېگەنلىك ھەرگىزمۇ بەدىنىمىزدىكى جاراھەتنى گۈل، دەپ ماختايلى ۋە ئۇنىڭدىن پەخىرلىنەيلى، دېگەنلىك ئەمەس. بەلكى بۇ جاراھەتتىن كېلىدىغان ئازاپقا بەرداشلىق بەرگۈدەك پىسخىك تەييارلىقتا ھەم ئىرادىگە ساھىپ بولايلى، دېگەنلىكتۇر.

خېلى يىللاردىن بېرى، چوڭ ـ كىچىك سورۇنلىرىمىزدا، مەتبۇئات يۈزىدە كۆرۈلۈپ تۇرىۋاتقان مىللەتتىن شىكايەتلەرنى (مەيلى «بىز خەق»، «ئۇيغۇرخەق»، «ئۇيغۇرەك» دېگەندەك كوچا تەنقىدلىرى بولسۇن ياكى تارىختىن، رېئاللىقتىن مىساللار ئېلىنغان سەۋىيىلىك تەنقىدلەر بولسۇن) مەن ھەرقانچە ئويلۇشۇپمۇ ئىدىيەمدىن ئۆتكۈزەلمىدىم. يەنى، بۇ تەنقىد شامىلىنىڭ سەلبىي ئۇنۇمىدىن ئىجابىي ئۇنۇمىنىڭ يۇقىرى بولىدىغانلىقىنى ئەقلىمگە سىغدۇرالمىدىم.

شۇنداقتىمۇ، تەنقىدنىڭ ئاچچىق بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت رېئاللىقنى، مەسىلىلەرگە باھا بېرىشتە ھېسسىياتقا تايىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىش زۆرۈرلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ «ئۆز ئۆزىنى تەنقىد جاسارىتى» ۋە «ئىللەتنى تۈزىتىش ھەرىكىتى» ئىكەنلىكىگە ئۆزەمنى ئىشەندۈرۈپ كەلدىم. بۇ تىرىشچانلىقنىڭ نەتىجىسىدە، بەزىلەرنىڭ «ئۇيغۇر يوق بىر يەردە ياشاش» ئارزۇسىنى ھېچ تەپتارتماي ئاشكارە تىلغا ئېلىۋاتقان ۋە بەزىلەرنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن ئارىلاشماي ياشاۋاتقانلىقىنى بىر ئالىجاناپلىقنىڭ ئىپادىسى كۆرسىتىپ تىلغا ئېلىۋاتقىنىدا، ئۆزەمنى ھاقارەتلىنىۋاتقاندەك ھېس قىلغان بولساممۇ (مەنمۇ ئەشۇ قېچىلىۋاتقان ۋە يىرگىنىلىۋاتقان مىللەتنىڭ بىر ئەزاسى بولغىنىم ئۈچۈن) نارازىلىق بىلدۈرمىدىم. يەنە شۇ تىرىشچانلىق نەتىجىسىدە، بەزىلەرنىڭ مىللەتنىڭ كەمچىلىكىنى سۆكۈۋاتقىنىدا ھېچ ئازابلانماستىن، ئەكسىنچە ئېچىلىپ ـ يايراپ تۇرۇپ، ھەتتا كەمچىلىكلەرنى لەتىپىلەشتۈرۈپ خۇددى باشقا بىر مىللەت ئەزاسىدەك مەغرۇر تون بىلەن سۆزلەۋاتقىنىنى ئاڭلىغىنىمدا، بۇ تەنقىدنىڭ ئەخلاق چېگرىسىدىن ئېشىپ كەتكىنىنى بىلدۈرۈپ قويغان بولدۇم، ئەمما مەزمۇنەن قارشى پىكىر

ئىپادىلىمىدىم. پەقەت قايسى كۈنى ئىستىقلال گېزىتىنىڭ بىر سانىدىن « يىراق شەرق ئىقتىسادىغا نەزەر » ژورنىلىدىن تەرجىمە قىلىپ بېرىلگەن بىر ماقالىدىكى بىر سىياسىي پائالىيەتچىمىزنىڭ ئۇيغۇر ھەققىدە: «بىز ئىتتىپاقسىز خەلق، تارىختىن بېرى ئىتتىپاقلىشالمىدۇق، شۇڭا ئاسارەتكە چۈشۈپ قالدۇق» دېگەن شىكايىتىنى كۆرۈپ، بىزدىكى «ئۆز ئۆزىنى تەنقىد» ھەرىكىتىنىڭ ساغلاملىقىغا بولغان ئىشەنچىم ھەم پايدىسىغا بولغان ئۈمىدىم يوقالدى ۋە بۇ ھەقتە ئۆز پىكرىمنى بىلدۈرۈپ قويۇشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

شۇنداق، بۇ مىللەتنىڭ نۇرغۇن كەمچىلىكى بار. دەل مۇشۇنىڭ ئۈچۈنلا مىللىتىمىز بۈگۈن مىللەتچىلەرگە مۇھتاج. ئىنسانىيەتچىلىك نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، مىللەتچىلىك ئەسلىدە مەدھىيىلىنىدىغان، تەشۋىق قىلىنىدىغان مەسلەك ئەمەس. تەرەققىي تاپقان ئەللەردىكى يېقىملىق پىكىر ئېقىمى ئىنسانپەرۋەرلىك، دېمىسىمۇ نورمال شارائىتتا مىللەتچىلىكنى چەكلەيدۇ. ئەمما، غەيرى نورمال شارائىتتا (مىللەت ئاسارەتكە مۇپتىلا بولغاندا، زۇلۇمغا ئۇچرىغاندا) بولسا مىللەتچىلىكنى ئەيىپكە بويرىمايدۇ. دېمەككى، مىللىتىمىز كەمچىلىكلەردىن خالى بىر مەدەنىي مىللەت بولغىنىدا، مىللەتچىلىكنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى قالمىغان بولاتتى. يازغۇچى ئەختەم ئۆمەر بىر پارچە ماقالىسىدا: «ئۇيغۇر خوتۇن ـ قىزلىرى قاچاندىن بېرى ئەخلاقسىزلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالدى؟» سوئالىنى قويۇپ، مۇنداق جاۋاپ بېرىدۇ: «ئۇيغۇر ئەرلىرى خوتۇننى باقالمايدىغان بولۇپ قالغاندىن بېرى». مېنىڭچە توپتوغرا بىر يەكۈن. ئەمما ئەختەم سوئالنى داۋاملاشتۇرالمىغان (تەبئىكى، سىياسىي چەكلىمە تۈپەيلىدىن) . بۇ سوئالنى بىز داۋاملاشتۇرىمىز: ئۇيغۇر ئەرلىرى قاچاندىن بېرى خوتۇننى باقالمايدىغان بولۇپ قالدى؟ جاۋابى: ۋەتىنىنى تارتقۇزۇپ قويغاندىن بېرى!

مەن بارلىق مىللىي كەمچىلىكلىرىمىز ئارقىسىدا ۋاستىلىق ياكى بىۋاستە بولغان ئاسارەت ئامىلىنى كۆرىمەن. يەنى بارلىق كەمچىلىكلىرىمىزنىڭ يىلتىزى ئاسارەت. شۇڭا ئەسىر بىر مىللەتنى كەمچىلىكلىرى سەۋەبىدىن ئەيىپلەش ياكى ئۇنىڭدىن زارلىنىش ئاڭلىق بىر مىللەتچىنىڭ ئىشى ئەمەس. مىللەتتىن زارلىنىش ۋە شىكايەت ئېيتىش يارامىلىق بىر سىياسىي پائالىيەتچىنىڭ، بولۇپمۇ تەشكىلات رەھبىرىنىڭ ئىشى ئەسلا ئەمەس. چۈنكى ئەسكەرلىرىدىن شىكايەت قىلىپ يۈرگەن گېنېرال ئۇرۇشتا غەلىبە قىلالمايدۇ.

بەزىلەر «ئۇيغۇر بولماق تەس» دەپ زارلىدى. شۇنداق، ئۇيغۇر بولماق تەس. بۇ ھېچكىمگە سىر ئەمەس. چۈنكى ئەسىر مىللەتمىز. دەل مۇشۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيادا «شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى» دەپ بىر دەۋا مەۋجۇد بولۇپ تۇرىۋاتىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، بۇ دەل ئۇيغۇر بولماقنى ئاسانلاشتۇرۇش دەۋاسى دېمەكتۇر. بىزدە ئۆز ئۆزىنى تەنقىد نىمە ئۈچۈن بۇ قەدەر نورمىسىز، پرىنسىپسىز ۋە ئۇسلۇپسىز؟ سەۋەبى: ئۇيغۇردىن ئەيىپ تېپىش ئاسان، چۈنكى بۈگۈن ئۇيغۇردا پۇل يوق، نامرات.

ئۇيغۇرنى تەنقىدلەش بىخەتەر، چۈنكى مىللەت ئەسىر، بۇ مىللەتنى تەنقىدلىسە سىياسىي خاتالىق بولمايدۇ. ئۇيغۇرنى تەنقىدلىسە يامان بولمايدۇ، چۈنكى بىزدىن پەيغەمبەر چىققان ئەمەس. ئۇيغۇرنى تەنقىد قىلىش، ھەتتا ھاقارەتلەش شۇنداق سوراقسىز، چۈنكى ئۇيغۇردا بۈگۈن ھوقۇق يوق، قورال يوق.

شۇ سەۋەپتىن مىللەتنى تەنقىدلەش شەخسى ئاجىزلىقنى يېپىشنىڭ، مەغلۇبىيەتنىڭ بېسىمىدىن قۇتۇلۇشنىڭ، ئۆگۈشسىزلىقنى باشقىلارغا دۆڭگەشنىڭ، جاپا ـ مۇشەققەتتىن قېچىشنىڭ، ماددىي ۋە مەنىۋىي چىقىمدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشنىڭ بىر باھانىسىگە ئايلىنىپ قالدى. ئەلۋەتتە، كۆپىنچە مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەرەققىياتى جەريانىدا، جىددىي بىر يوسۇندا ئۆز ئۆزىنى تەنقىددىن ئۆز كۆز گىننى، «كۆرۈمسىز ئامېرىكىلىقلار»، «كۆرۈمسىز ياپۇنلۇقلا»، «كۆرۈمسىز جۇڭگولۇقلار» قاتارلىق رەھىمسىز ئۆز ئۆزىنى تەنقىد ئەسىرلىرىنىڭ يېزىلغىننى بىلىمەن. ئەمما بۇنداق بىر تەنقىد ئۆزىنى تەرەققى قىلدۇرۇش باسقۇچىدىكى (ئىسلاھات باسقۇچىدىكى) ئازاد مىللەتلەر ئۈچۈن پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن. ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇش (ئازادلىققا ئېرىشىش) باسقۇچىدا تۇرىۋاتقان ئەسىر بىر مىللەت ئۈچۈن پايدىسىدىن زىينى كۆپ. بولۇيمۇ قات ـ قات زۇلۇم ئاستىدا ياشاۋاتقات (ئاچ قويۇلىۋاتقان، كەمسىتىلىۋاتقان، قورقۇتىلىۋاتقان) مىللىتىمىز بۈگۈن ئۈمىدلەندۈرۈلۈشى، جاسارەتلەندۈرۈلۈشى، مەدھىيىلىنىشى كېرەككى، كالتەكلەنمەسلىكى كېرەك. ئەگەر تەنقىدلەر مىللىتىمىزنىڭ زۇلۇم چېكىۋاتقان قىسمىغا ئەمەس، زۇلۇم چەكمەيۋاتقان تەبىقىسىگە قارىتىلسا، بۇ تەنقىدتىكى ئوبيېكتنىڭ نامى «ئۇيغۇر» ياكى «مىللىتىمىز» بولماسلىقى كېرەك. «بىز خەق» نىڭ ئېنىق تەبىقە ياكى گورۇپپا ئايرىمىسى بولۇشى كېرەك.

دۇنيادا نۇرغۇن دۆلەتلەر (تەبىئىكى، مىللىي دۆلەتلەر) ئۆز ۋەتەنداشلىرىدا ئۆز ئۆزىنى سۆيۈش، ئۆزىنى قەدىرلەش روھىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن مائارىپتا مىللىي روھنى كۈچلەندۈرۈشنى ئاساسلىق غايىلىرىدىن بىرسى قىلىدۇ. مەسىلەن، تۈركىيە ۋەتەنداشلىرى ئۆسمۈر چېغىدىن باشلاپلا: «بىر تۈرك دۇنياغا بەدەل!»، «نىمە دېگەن بەخت مەن تۈرك دېگۈچىلەرگە!»، «ئەڭ بۈيۈك ئەسكەر بىزنىڭ ئەسكەر!» دېگەنگە ئوخشاش شوئارلارنى تولاپ چوڭ بولىدۇ. مىللىتىمىز بولسا «ئۇيغۇرلار تارىختىن بېرى خىتاي ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى» شۇئارى بىلەن، يەنى تارىختىن بېرى خىتاينىڭ قولى تەلىماتى بىلەن چوڭ بولىدۇ. ئەمدى بۇنىڭغا، بەزى تەنقىدچىلىرىمىزنىڭ « دۇنيادىكى ئەڭ ناچار مىللەت بىزنىڭ مىللەن» نەزەرىيىسى سەپداش بولۇپ بەرسە، ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ساغلام بىر مىللىي روھتا چوڭ بولۇشى ئۇياقتا تۇرسۇن، ئىدىيىسى تۇراقسىز بولۇپ تۇرغان، ھايات قىيىنچىلىقلىرى سەۋەبىدىن بۇ مىللەتنىڭ ئەزاسى بولۇش ئېغىر كېلىۋاتقان خېلى سانىدىكى يېشى توختىغان كىشىلەرنىمۇ مىللەتتىن تېنىشقا يېتە كلەيدۇ. مىللىي خائىن ۋە مىللىي مۇناپىق مانا شۇنداق مىللەتتىن تانغان (مىللىتىدىن نەپرەتلىنىدىغان، نومۇس قىلىدىغان) كىشىلەر ئىچىدىن تاللىنىپ چىقىدۇ.

ئۆزىدە مىللەتكە ئۆلگە بولغىدەك ئەقلىي، ئەخلاقىي ۋە ئەمەلىي سالاھىيەتنى يېتىلدۈرۈپ ئاندىن مىللەتنىڭ كەمچىلىكى ئۈستىدە گەپ قىلغانلارنىڭ سۆزىدە ئاز - تولا ھەققانىيلىق بار، دەپ قارايمەن. ئۆزىدە بۇنداق بىر سالاھىيەتتىن ئەسەر يوق تۇرۇپ، قانداقتۇر مىللەتنى تەنقىدلەشنى بىلەرمەنلىكنىڭ ياكى مىللەتچىلىكنىڭ ئىپادىسى، دەپ چۈشىنىپ قالغانلارغا ئارتۇقچە گېپىم يوق (چۈنكى، گەپ قىلغۇچىلىكى يوق). تۆرت تەڭگىلىك مەنپەئەتى دەخلىگە ئۇچرىغاندا، ئىشلىرى ئاز - تولا ئوڭۇشسىزلىققا يولۇققاندا (يەنى قوشنىسى، خىزمەتدىشى ياكى شېرىكى بىلەن سوقۇشۇپ قالغاندا) مىللەتنى ئەيىپلىگۈچىلەرگىمۇ ئوشۇق گېپىم يوق (چۈنكى بۇ كېسەلنىڭ خەلقىمىز ئىچىدىكى نامى چىدىماسلىق، پىسخولوگىيىدىكى نامى بولسا دوڭگەش پىسخىكىسى بولۇپ، بۇ كېسەلنى شىپاسىغا قەلەم ئاجىزلىق قىلىدۇ). گېپىم، ئۆزىنى مىللەتچىلىك سېپىگە ئاتاپ تۇرۇپ، دەۋا قوشۇنىدا بەلگىلىك ۋەزىپىلەرنى ئالغان تۇرۇپ، ھەتتا بەزىلىرى تەشكىلات رەھبىرى ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان تۇرۇپ مىللەتتىن شىكايەت قىلغۇچىلارغا قارىتادۇر:

### يا سۆي، يا تاشلا!

مەنبەسى تۈرك مىللەتچىلىرىگە ئائىت بولغان بۇ شۇئار مىللەتچىلەرگە مۇنداق دەيدۇ:

**مىللەتچىلىكىڭ راست بولسا، مىللەتتىن قاخشىما، مىللەتچىلىكنى دوراپ قىلىپ بېقىۋاتقان بولساڭ چېكىن بۇ سەپتىن! ھەم ئۆزۈڭنى ھەم باشقىلارنى ئالداپ يۈرمە!**

## دۇنيادىكى تىللار

ھازىر دۇنيادا ئالتە مىلياردتىن ئارتۇق نوپۇس بولۇپ، ئۇلار جەمئىي 6700 خىل ئوخشاش بولمىغان تىل ۋە شىۋىلەردە سۆزلىشىدىكەن.

بۇ ئوخشاش بولمىغان تىل ۋە شىۋىلەرنى 99 ئوخشاش بولمىغان تىل سىستېمىسىغا ئايرىشقا بولىدۇ. بۇ تىل سىستېمىلىرى ئىچىدە تۆت تىل سىستېمىسى ئەڭ چوڭ ۋە ئىشلىتىلىش دائىرىسى ئەڭ كەڭ تىل سىستېمىسى بولۇپ، پۈتۈن دۇنيا نوپۇسىنىڭ 90% نى ئىگىلەيدۇ. بۇلار:

1 . «ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسى». بۇ تىل سىستېمىسى جەمئىي 425 خىل تىل ۋە شىۋىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دۇنيا بويىچە ئىشلىتىلىش دائىرىسى ۋە نوپۇستا بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

2 . «ئافرىقا - ئاسىيا تىل سىستېمىسى». بۇ تىل سىستېمىسى 371 خىل تىل ۋە شىۋىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دۇنيا بويىچە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

3 . «خىتاي - تىبەت تىل سىستېمىسى». بۇ 360 خىل تىل ۋە شىۋىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دۇنيا بويىچە ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

4 . «ئالتاي تىل سىستېمىسى» بۇ 65 خىل تىل ۋە شىۋىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دۇنيا بويىچە تۆتىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئۇندىن باشقا يەنە ئىككى تىل سىستېمىسى بولۇپ، «نىگېر - كونگو تىل سىستېمىسى» ۋە «ئائۇستىرونېزىيان تىل سىستېمىسى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ تىل سىستېمىلىرى ئۆز ئىچىگە ئالغان تىل ۋە شىۋىلەر ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، ئۇنىڭدا سۆزلىشىدىغان نوپۇس ناھايىتى ئاز ۋە دائىرىسى چەكلىك.

# خىتاي ـ تۈركىيە مۇناسىۋەتلىرى ۋە بەزى رىئاللىقلار

مەمەت توختى

تۈركىيە ـ خىتاي مۇناسىۋىتى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ نەزەر دائىرىسىدىكى مۇھىم خەلقئارالىق مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ جاڭزېمىن تۈركىيىنىڭ دۆلەت مېدالىغا ئېرىشكەندىن كېيىنكى ئىككى دۆلەتنىڭ كونسىرى جانلىنىۋاتقان ھەر تەرەپلىمە ئالاقىسى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تېخىمۇ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىماقتا. مېنىڭچە، تۈركىيە ـ خىتاي مۇناسىۋىتىگە باھا بەرگەندە، تۆۋەندىكى ئامىللار بويىچە ئەمەلىي تەھلىل يۈرگۈزۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

1 . تۈركىيە ـ خىتاي مۇناسىۋىتىدە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ھېچقاچان ئاچقۇچلۇق ياكى ھەل قىلغۇچ مەسىلە بولۇپ باقمىدى. بۇندىن كېيىنمۇ بۇنىڭغا دائىر بىرەر ئىشارەت كۆرەلمەيمىز. بۈگۈنگە قەدەر تۈركىيىدە بولۇپ ئۆتكەن شەرقىي تۈركىستان پائالىيەتلىرى تۈركىيىنىڭ ئىچكى سىياسەتلىرىدىكى ئاددىي بىر ئامىل بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا پۈتۈن تۈركىيە جامائەتچىلىكىگە تونۇلغان دەۋا تۈسىگە ھەم ئىگە بولۇپ باقمىدى. شۇنداق ئىكەن، تۈركىيە ـ خىتاي مۇناسىۋىتىنى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە تاقاپ تەھلىل قىلىش، ئاددا تىل بىلەن ئېيتقاندا، ئۆزىمىزنى ئەسلىمىزدىن چوڭراق كۆرسىتىش غەيرەتلىرىمىزدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

2 . خىتاينىڭ تۈركىيىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىغا نىسپەتەن نارازىلىق ئىنكاسى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان مەۋجۇد بولۇپ، خىتاي مەركىزى كومىتېتى ئېلان قىلغان 7 ـ نومۇرلۇق مەخپىي ھۆججەتتە بايان قىلىنغان ھەرىكەت تەدبىرلىرىگە نەزەر سالغىنىمىزدا، خىتاينىڭ قانداقتۇر بۇ پائالىيەتلەردىن چۆچۈپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى بۇ پائالىيەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىپ پۈتۈن تۈركىيىگە ئومۇملىشىپ كېتىشىدىن، ھەتتا تۈركىيىنىڭ دەۋلەت سىياسىتىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان دەرىجىگە بېرىپ يېتىشىدىن نەقەدەر ئەندىشە قىلغانلىقىنى ئېنىق كۆرىۋالالايمىز.

3 . تۈركىيە ـ خىتاي مەسىلىسى مەيلى تۈركىيە ياكى خىتاي نۇقتىسىدىن قارىمايلى، خېلىلا كۆپ تەرەپلىمىلىككە ئىگە بولغان ۋە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىنى چىقىش قىلغان ستراتېگىيىلىك ئىش بىرلىكى بولۇپ، بۇ مۇناسىۋەتلەرنى شەرقىي تۈركىستانغا باغلاپ چۈشەندۈرۈش، بۇ مەسىلىلەرگە بولغان تونۇشنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. تۈركىيە ـ خىتاي مۇناسىۋىتىگە نەزەر سالغىنىمىزدا، تۆۋەندىكى ئامىللار دىققىتىمىزگە چۈشىدۇ:

ئا: ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت ۋە مەنپەئەت غايىسى

تۈركىيە 1923 ـ يىللىرىدىن باشلاپ داۋام قىلغان جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىي قىلىش باسقۇچىدىن تاكى 1982 ـ يىللىرىغا كەلگىچە، يېرىم يۇمۇلاق دېموكراتىيە نامى بىلەن (1950 ـ يىللاردىن باشلاپ كۆپ پارتىيىلىك تۈزۈمنىڭ يولغا قويۇلغانلىقى، تۈركىيىدە دېموكراتىيىنىڭ مەۋجۇدلىقىغا بولغان بىردىن بىر ئىشارەت بولسا

كىرەك) سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتلەردىن ئېغىر دەرىجىدە مەركىزى دۆلەتچىلىك يولىغا مېڭىپ، تېپىك ھالدىكى دۆلەت ئىگىدارچىلىقى ئاستىدىكى ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ جەھەتتە، سوتسىيالىزىم تۈزۈمىدە كۆرۈلىدىغان كۆپلىگەن ئامىللار ھېلىھەم داۋام قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. 1982 - يىللاردىن كېيىن، مەرھۇم تۇرغۇت ئۆزەلنىڭ رەھبەرلىكىدە سىرتقا قاراپ ئېچىلىش ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئەركىن بازار رىقابەت سىستېمىسىنى يەرلەشتۈرۈشكە تىرىشقان ھەم خېلى كۆپ مۇساپىلەر ئالغان بولسىمۇ، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان دۆلەتچىلىك ئىدىيىسى بىلەن يۇغۇرۇلغان بىر زېھنىيەتنى تولۇق يىمىرىپ تاشلىيالمىغان بولغاچقا، ھە دېسىلا كىرىزىسلەر بىلەن بوغۇشۇپ، كىرىزىستىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن چەتئەللەردىن قەرز ئېلىپ، كونىنى ئاران كون ئېتىپ دېگەندەك بۇ نۇقتىلارغا كەلدى. ئۆتكەن ئىككى يىلدىلا ئىككى قېتىم ئىقتىسادىي كىرىزىس يۈز بېرىپ، دۆلەت ۋە مىللەت 43% كەمبىغەللەشتى. تاشقى ۋە ئىچكى قەرزىنىڭ تۈپلىمى مىللىي كىرىمىدىن ھالقىپ كەتتى. مانا بۈگۈن تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى يىللىق باجىنىڭ 103% ئىنى قەرزلىرىنىڭ ئۆسۈمىگە تۆلەيدىغان بىر چىقماس كوچىغا كىرىپ قالدى. دېمەك، تۈركىيە ئۈچۈن نۆۋەتتىكى قېيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي قىممىتى تېخى ھېچ شەكىللەنمىگەن شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىدىن تېخىمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ھازىر تۈركىيىنىڭ تاشقى قەرزى 137 مىليارد دوللار، ئىچكى قەرزى 93 مىليارد دوللاردىن ئاشىدۇ. رېئالنى ئۇنۇمى تېخى نامەلۇم بولغان «ختايغا بىر ئالما ساتالىساق، ئاخىرى بىر مىليارد ئالما ساتالايمىز» لوگىكىسى ھېلىھەم تۈرك سىياسەتچىلىرىنىڭ كاللىسىدىكى شىرىن چۈشتىن ئىبارەت. تۈرك - ختاي ئىقتىسادىي سودىسىدىكى تۈركىيىنىڭ قىزىل رەقىمى مۇشۇ شىرىن خىيال بىلەن «بۈگۈن بولمىسا، ئەتە بولۇپ قالار» ئۈمىدىنى ئۇرغۇتۇپ، ختاي بىلەن تېخىمۇ كۆپ تىجارەت ۋە تېخىمۇ بەكرەك ھەمكارلىق دېڭىزىغا قاراپ ئۇچۇرماقتا.

ب: ئوتتۇرا ئاسىيا ئېنېرگىيە رىقابىتى ۋە بۇ رىقابەتتىن بارلىققا كەلگەن ھەمكارلىق تەقەززاسى

تۈركىيىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە تارىخىي ۋە قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىدىن يولغا چىقىپ ئوتتۇرا ئاسىياغا يېقىنلاشقان بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، پەردە ئارقىسىدا يەنىلا «قارا ئالتۇن» ۋە تەبىئىي گاز ئىشتىھاسى بارلىقىنى ئۇچۇق ئېيتىش كېرەك. ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ بۇ بايلىقلىرىنى خەلقئارا بازارغا سېلىش ئۈچۈن ھېچ بىرىنىڭ دېڭىز ئېغىزىنىڭ بولماسلىقى بولسا تۈركىيە ۋە ختاينىڭ ئىشتىھاسىنى ئېچىۋاتقان ئەڭ مۇھىم ئامىل. ھازىرقى ئاۋغانىستان نامى بىلەن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ھەربىي ھەرىكەت ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن سەرىپ قىلىنىۋاتقان پۇللارنىڭ مىقدارى نەزەرگە ئېلىنغاندا، تۈركىيىنىڭ بۇ ئويۇنلارنىڭ بىر بۆلىكىگە ئېرىشىلىۋېلىش ئۈچۈن سەرىپ قىلىۋاتقان غەيرىتى چۈشىنىشلىك بولسا كېرەك. مانا بۇ نۇقتىدا تۈركىيە خۇددى «ئىشتانغا چىققان كۆكۈلگە تايىن» مەسىلى، ئۆزىدىكى دەسمى يېتەرلىك بولمىغىنى ئۈچۈن بىر تەرەپتىن غەرب سەرمايىسىگە مۇھتاج بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ ئويۇننىڭ ئاماخور قوشنىلىرى بولغان روسىيە ۋە ختاينىمۇ ھۈركىتىپ قويۇشتىن ئۆزىنى تارتىدۇ. شۇڭا ئۇزۇندىن بۇيان ئوتتۇرا ئاسىيا مەسىلىسىدە روسىيە بىلەن ئىش بىرلىكى ناخشىسىنى توۋلىشى، دەل «روسىيەنى ھۈركۈتۈپ، يەيدىغان نېنىمدىن ئايرىلىپ قالماي» دېگەن مەنتىقىنىڭ بىر

پارچىلىشىدىن ئىبارەت. بۇ نۇقتا خىتاي ئۈچۈنمۇ كۆچكە ئىگە.

س: تۈركىيە 30 يىلدىن بۇيان خەلقئارا سەھنىدە بېشىنى ئاغرىتىۋاتقان شىمالىي سىپرۇس مەسىلىسىنى تېخى ھەل قىلغىنى يوق. بۇ ئاجىزلىق يالغۇز ياۋروپا ئالدىدا تۈركىيىنىڭ بېشىنى يەرگە قارىتىپلا قالماي، بەلكى سىپرۇش مەسىلىسى ھە، دېگەنىدىلا ب د ت نىڭ قول تىقىش دائىرىسىگە كىرگىنى ئۈچۈن، ئەڭ ئاخىرقى قارار باسقۇچىدا ب د ت دا تۈركىيىگە يان باسىدىغان خىتايدەك بىر كۈچنىڭ ھەمكارلىقىنىڭ تۈركىيە مەنپەئەتى ئۈچۈن مۇھىملىقى ئايان. سىپرۇس مەسىلىسى ب د ت نىڭ قول تىقىش دائىرىسىدە بولغان مۇددەتتە تۈركىيىنىڭ خىتايغا ھاجەتمەن بولۇشى تۇرغانلا گەپ.

د: ئەسكىرى ئېھتىياج مەسىلىسى.

تۈركىيە 1950 - يىللاردىن باشلاپ ناتونىڭ دائىمى ئەزاسى ۋە سوغۇق ئۇرۇشلار مەزگىلىدە روسىيىگە قارشى ئالدىنقى فرونت ئىدى. لېكىن تۈركىيە - گېرتسىيەدىن ئىبارەت ئىككى ناتو ئەزاسى ئارىسىدىكى تارىخى چىقىشالماسلىق يات - ياتلا ئۇرۇش تۇسىگە كىرىپ تۈركىيىنىڭ بېشىنى ئاغرىتىپ تۇرىدىغان بولغاچ، تۈركىيىنىڭ كۈچلۈك بىر ئەسكىرى قۇۋۋەتكە ئېھتىياجى بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈركىيىنى چۆرىدىگەن باشقا دۆلەتلەرنىڭمۇ تۈركىيىگە تۇتقان دۈشمەنلىشىش پوزىتسىيىسى تۈركىيىنى دائىما ئەسكىرى جەھەتتىن ئۈستۈن تۇرۇش مەجبۇرىيىتىگە ئىتتىرىپ كەلگەن بولغاچ، ئەسكىرى ئۈستۈنلۈكنى ساقلاپ قېلىش تۈركىيىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن ئالدىنقى شەرت ۋە تۈركىيىنى ياۋروپا ھەم ئامېرىكا ئالدىدا مۇھتاج ئورۇنغا چۈشىرىۋاتقان ئەڭ چوڭ ئاجىزلىقتىن ئىبارەت. ئىككى يىل بۇرۇنلا تۈركىيە قوراللىق قىسىملىرى ئېھتىياجلىق بولغان تانكا سېتىۋېلىش مەسىلىسىدە، گېرمانىيە ۋە باشقا ياۋروپا دۆلەتلىرى كۆرتلار مەسىلىسى، ئەرمىنى قىرغىنچىلىقى، سىپرۇس مەسىلىسى قاتارلىق ھەرخىل باھانىلارنى كۆرسىتىپ، تۈركىيىنىڭ تەلىۋىنى رەت قىلدى. ئا ق ش مۇ كونگرېسىنىڭ ماقۇللىقى بىلەن بەزىدە قىسمەن قوراللارنى سېتىپ بەرسىمۇ، ئا ق ش دىكى ئەرمەنىلەر ۋە باشقا لوبىلەرنىڭ تەسىرى بىلەن تۈركىيىنىڭ تەلەبلىرى ئۇزۇن مۇددەتلىك ئاسقىغا ئېلىنىش ياكى رەت قىلىنىش توسالغۇسىغا ئۇچراپ كېلىۋاتىدۇ. تۈركىيىنىڭ ھازىر ئەڭ كۆپ ھەربىي سودا قىلىۋاتقان دۆلىتى ئىسرائىلىيە بولۇپ قالغان بولسىمۇ، خىتاينىڭ ئىران، پاكىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە ھەرخىل ئىلغار قوراللارنى سېتىپ بېرىشى، ھەتتا ئاتوم رادىئاكتورى قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىشى تۈركىيىنى ئويغا سالماي قالمايدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تۈركىيە - خىتاي ئارىسىدا بارغانسىرى قويۇقلىشىپ بېرىۋاتقان ئەسكىرى ھەمكارلىقنىڭ بۇنىدىن باشقا نېمە مەقسىتى بولسۇن؟

شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن تۈركىيە - خىتاي مۇناسىۋىتىدە شەرقىي تۈركىستانىنىڭ تۇتقان ئورنى دېڭىزدا بىر تامچىدىن ئىبارەت بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ خەلقئارالىشىشىدىن ئەنسىرىگەن خىتاينىڭ ئاندا - مۇندا ئاگاھلاندۇرۇشى تۈركىيىگە بېرىلگەن بىر بۇيرۇق ئۇنۇمىنى كۆرسەتمەكتە. گەرچە سودا مۇناسىۋىتىدە قىزىل رەقەم ئېچىدە بولسىمۇ، خىتايدىن كەلگەن بۇ ئاگاھلاندۇرۇشلارنى جىددى ھالدا بىر تەرەپ قىلىش، ئاجىزلىق گىرداۋىدا ئىڭراۋاتقان تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ بويۇن قەرزىدىن ئىبارەت بولسا كېرەك.

يۇقارقى سەۋەبلەر تۈپەيلى، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە تۈركىيىدىن مەنپەئەت تاما قىلىش ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. لېكىن تۈركىيە دۆلىتى بىلەن تۈركىيە خەلقىنى ئايرىپ قاراش كېرەك. تۈركىيە خەلقى يەر يۈزىدىكى ئەڭ ئاقكۆڭۈل، مەرت خەلقتۇر. ئەگەر شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى بۇنىدىن كېيىن ياردەم كۆرسە، تۈركىيە دۆلىتىدىن بەكرەك، تۈركىيە خەلقىدىن كۆرىدۇ.

# 11 - سىنتەبىردىن كېيىنكى رۇس - خىتاي مۇناسىۋىتى

دوكتور نەبىجان تۇرسۇن

سوغۇق ئۇرۇشلار دەۋرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، كىشىلەرنىڭ دۇنيانىڭ ۋەزىيىتى ھەققىدە يېڭى پەرەزلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ئامراق بولۇپ كەتكەنلىكى كۆزەتكۈچىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتقان ئىدى. بىراق، ھازىر دۇنيا سىياسىتىنىڭ تەرەققىيات يۆزلىنىشىنى چۈشىنىش، سېزىش ۋە ئالدىن ھۆكۈم قىلىشى تېز ئۆزگۈرىۋاتقان ۋەزىيەتلەر، سىياسىي ستراتېگىيىلىك ئويۇنلار ئالدىدا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمەي قالماقتا. زامانىڭ چاقماق تېزلىكىدە تەرەققى قىلىۋاتقان ئەقىل - ئىدراك ۋە سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي تېخنولوگىيە تەپەككۇرلىرى خەلقئارا ستراتېگىيىلىك مۇناسىۋەتلەرنى تېخىمۇ مۇرەككەپ ھەم ئەۋرىشىم، شۇنداقلا چۈشىنىپ ئۈلگۈرگىلى بولمايدىغان دەرىجىدىكى تېز ئۆزگۈرۈشچان خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە قىلدى. تارىخنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى زامانىڭ دىپلوماتىيە سەنئىتىنى ئۆستۈرۈشى نەتىجىسىدە دۆلەتلەر پۈتۈن ئەقىل - ئىدراكلىرىنى ئىشقا سېلىپ، خەلقئارا دىپلوماتىيىدە ئۆزلىرىنىڭ ئورنىنى تىكلەشكە تىرىشماقتا.

11 - سىنتەبىر پاجىئەسى ئىنسانىيەتنى مەڭگۈ ئەستىن چىقماس ئەسلىمە بىلەن تەمىن ئەتكەن بولسا، يەنە ئۆز نۆۋىتىدە خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر تەرەققىياتىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئاچقانىدى. 11 - سىنتەبىردىن كېيىن ئامېرىكىنىڭ تېرورىزىمغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىشى دۇنيانىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي خەرىتىسىنى بۆلۈۋېلىشنى كىچە - كۈندۈز خىيال قىلىپ يۈرگەن، شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ مەزكۇر خەرىتىلەردىكى ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئالدىغا ئامېرىكا باشلىق تېرورىزىمغا قارشى سەپكە ئۆتۈش كېرەكمۇ ياكى ئۆز يولىنى تۇتۇش كېرەكمۇ، دېگەن مۇھىم تاللاش پۇرسىتىنى تاشلىدى. مەزكۇر تاللاش روسىيە بىلەن خىتاينى ئەڭ ئويغا سالغان بولۇپ، روسىيە بىر مەزگىللىك مۇنازىرە ۋە تاللاش - تارتىشتىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ دۆلەت مەنپەئەتى ئۈچۈن ئامېرىكىنى قوللاش يولىنى تاللىدى. بىراق خىتاي، روسىيىدىن ئەكسىچە بولغان مەيداننى دىپلوماتىيىلىك ئۇسۇللار بىلەن بىلدۈردى ، خالاس. روسىيىنىڭ ئاتاغلىق سىياسىي ستراتېگىيە تەتقىقاتچىسى، روسىيە كارنېگى تەتقىقات ئىنستىتوتىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى دىمترىي ترېنىننىڭ قارىشى بويىچە ئالغاندا، خىتاي روسىيە ۋە ئامېرىكىدىن پەرىقلىق ھالدا تالىبانلار ھەرىكىتىگە نىسپەتەن يۇمشاق پوزىتسىيىسىنى ساقلاپ كەلدى.

بەزى ئاخبارات ۋاستىلىرى، ھەتتا خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن تالىبانلار بىلەن مەخپىي قورال - ياراق ۋە تېخنىكا كېلىشىملىرى تۈزگەنلىكىنى خەۋەر قىلغانىدى.

مۆلاھىزىچىلەرنىڭ قارىشىچە، 11 - سىنتەبىردىن كېيىن روسىيىنىڭ خىتاي بىلەن بولغان ستراتېگىيىلىك ھەمكارلىقى ھەمدە تېخى نەچچە ئاي ئالدىدا بېرىشكەن ۋەدىلىرى ھەققىدىكى ئۈچۈرلار بىردىنلا جىمىپ قالدى.

ئامېرىكىنىڭ باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن مۇداپىئە كۆرۈش سىستېمىسىنى قۇرۇشقا بولغان قارشىلىقنى چۆرىدىگەن خىتاي ـ رۇسنىڭ ئامېرىكىغا بولغان ئورتاق قارشىلىقى ھەمدە ئۇيغۇر ۋە چېچەنلەرنى باستۇرۇشنى ئاساسى نىشان قىلغان تېرورىزىمغا ۋە بۆلگۈنچىلىككە ئورتاق قارشى تۇرۇش، شۇنداقلا روس ـ خىتاي رەھبەرلىكىدىكى «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى» قاتارلىقلار بىردىنلا خەلقئارا خەۋەر سەھىپىسىدىكى دائىملىق ئورنىنى يوقىتىپ قويدى.

نۆۋەتتىكى خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ يۈزلىنىشىگە باققاندا، روس ـ خىتاي مۇناسىۋىتىنىڭ ئىستىقبالى قانداق بولىشى مۇمكىن؟ ئەزەلدىن سۇنئىلىك، ئىشەنچىسىزلىك ئۈستىگە قۇرۇلغان بۇ ئۆزگۈرۈشچان مۇناسىۋەت تارىختىكىگە ئوخشاش قايتىدىن زاۋاللىققا يۈزلىنەمدۇ ياكى روس ـ خىتاي رەھبەرلىرى سۆكۈت ئىچىدە ھەمكارلىقنىڭ باشقا خىل ئۇسۇللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتامدۇ؟

مۇلاھىزىچىلەرنىڭ قارىشىچە، خىتاي ئۆزىنىڭ ئامېرىكا بىلەن بولغان رىقابىتىدە روسىيىنى ئۆزى ئۈچۈن ئەڭ ئىشەنچىلىك ۋە ئۈنۈملۈك ھەمكارچىسى ھەتتا ئىتتىپاقچىسى، دەپ تونىغان بولغاچ، بارلىق ئىمكانىيەتلەر بىلەن روسىيىنىڭ غەرب بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە دىققەت قىلىپ، روسىيىنىڭ ئامېرىكا باشلىق غەرب دۇنياسى بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىپ، غەرب سىياسى چەمبىرىكى دائىرىسىگە كىرىشىگە توسقۇنلۇق قىلىشقا ئۇرۇنغان. خىتاينىڭ نەزىرىدە، روسىيىنىڭ ناتوغا كىرىشى بىلەن خىتاي چېگرىلىرى يېنىدا ناتونىڭ پەيدا بولۇشى ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ زور تەھدىت ھېسابلىناتتى. شۇڭا خىتاي «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى» نى ۋە «روسىيە ـ خىتاي دوستلۇق، ھەمكارلىق شەرتنامىسى» نى پەيدا قىلىش ئارقىلىق، ناتونىڭ شەرققە كېڭىيىشىنى توسۇپ قالماقچى بولغانىدى. بىراق 11 ـ سېنتەبىردىن كېيىنكى يېڭى گېئوپولىتىك ۋەزىيەت خىتاينىڭ بۇ ئارزۇسىنى كۆپۈككە ئايلاندۇرۇپ قويدى.

گېرمانىيە زىيارىتىدە، پۇتىن 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىنىڭ روسىيىنىڭ ش ئا ئە ت غا بولغان كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتكەنلىكىنى، روسىيىنىڭ مەزكۇر تەشكىلاتقا كىرىش مۇمكىنچىلىكىنى چەتكە قاقمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئۇ ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋە ناتونىڭ قوماندانلىق مەركىزىنى زىيارەت قىلغاندا، ئەگەر ناتونىڭ خاراكتېرى سىياسىي تەرەپكە كۆپرەك يۈزلەنسە ۋە روسىيىنى ئۇنىڭ شەرققە كېڭىيىش ئىشلىرىغا قاتناشتۇرسا، ئۇ چاغدا روسىيە ناتونىڭ شەرققە كېڭىيىشىگە بولغان ئەسلىدىكى مەيدانىنى قايتا ئويلىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئەلۋەتتە، روسىيىنىڭ ناتوغا بولغان كۆز قارىشىنىڭ ئۆزگىرىشىدە ئۇنىڭ ئامېرىكا بىلەن بولغان موناسىۋىتى مۇھىم رول ئوينىغان. روسىيىنىڭ خەلقئارا تېرورىزىمغا قارشى تۇرۇشتا ئامېرىكا بىلەن ھەمكارلىشىش مەيدانىنى بىلدۈرىشى ئۇنىڭ ئامېرىكا باشلىق غەرب ئەللىرى بىلەن يېقىندىن ھەمكارلىق ئورنىتىش يولغا ماڭىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى.

ستراتېگىيە تەھلىلچىلىرى پۇتىننىڭ روسىيە تاشقى سىياسى ستراتېگىيىسىنىڭ يېڭى تەرەككۇر ئېقىمىغا مەنسۇپلىقىنى كۆرسەتمەكتە. ئەگەر شۇنداق بولسا، ئۇ روسىيىنىڭ چىقىش يولىنى ئەنئەنىۋى روس مىللەتچىلىكىدىن ئەمەس، رېئاللىقتىن ئىزدەشى كېرەك.

روسىيە بەربىر ياۋروپا دۆلىتى. 70 يىللىق سوۋېت سىستېمىسى گەرچە ياۋروپا مىللىتى بولغان سلاۋيانلارنى ياۋروپا مەدەنىيىتىدىن ئايرىۋەتكەن بولسىمۇ، ياۋروپا بىلەن بولغان ئىتتىنىك ۋە مەدەنىيەت باغلىنىشلىرىنى ئۈزۈۋېتەلمىگەنىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى روسىيىگە غەرب مەدەنىيىتىگە قايتىش شارائىتى يارىتىپ

بەردى. دېمەك، بۈگۈنكى روسىيە ھەر قاچان غەرب بىلەن بىر سىياسىي چەمبىرەك ئىچىگە كىرىش يولىنى تاللىشى مۇمكىنكى، ھېچ قاچان خىتاينىڭ باشلامچىلىق ۋە تەسىرى ئاستىدىكى سىياسىي رامكىغا كىرمەيدۇ. روسىيىنىڭ خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن ئالىدىغان مەنپەئەتى پەقەت ئۇنىڭ يىراق شەرقىگە كېلىش مۇمكىنچىلىكى بولغان تەھدىتتىن قۇتۇلۇش ۋە ئىقتىسادىي نەپ بولۇپ، باشتىن ئاخىرى ۋاقىتلىق خاراكتېرگە ئىگە ئىدى.

روسىيىنىڭ ئامېرىكا بىلەن بىر سەپكە ئۆتۈشى، ناتو ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىشقا ئىنتىلىشى ئۇنىڭ يەنىلا خىتايدىن كېلىدىغان تەھدىتكە سەل قارىماسلىق بىلەن بىرگە، خىتاينىڭ ياۋرو ـ ئاسىيادا دەرىجىدىن تاشقىرى يېڭى كۈچ سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىپ، روسىيىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىشىگە يول قويماسلىق ئۈچۈندۇر. بەزى روس ـ خىتاي مۇلاھىزىچىلىرىنىڭ قارىشىچە، 11 ـ سىنتەبىر ۋەقەسى روس ـ خىتاي مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ھەمكارلىقتىن رەقىبلىككە ئۆزگەرگەنلىكىنىڭ ئىسپاتى ئىكەن.

ئانالىزلارغا قارىغاندا، روسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا تەسىر كۈچىنى ساقلاپ قېلىشقا ئۇرۇنىشى،11 ـ سىنتەبىردىن كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋەزىيىتى ئاستىدا يېڭى خەلقئارالىق ئارقا كۆرۈنۈش ۋە يېڭى لايىھىگە ئۆتكەنلىكىدىن دېرەك بەرسە كېرەك. روس تەھلىلچىسى ۋېنىئامىن گىنودمان ئامېرىكىنىڭ ئاۋغانىستاندىكى تېرورچىلارغا قارشى ئومۇمى يۈزلۈك ھەربىي ھەرىكەت باشلىشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى سىياسى، جۇغراپىيىۋى مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ:

ئوتتۇرا ئاسىيادا يېڭىدىن شەكىللىنىۋاتقان گېئوپولىتىك رېئاللىق «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى» نىڭ مەۋجۇد بولۇشتىن توختاۋاتقانلىقىنى كۆرسەتتى. سەۋەبى: مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ ئىككى ئەزاسى سېپتىن قالغان بولۇپ، ئۆزبېكىستان پرېزىدېنتى ئىسلام كېرىموف بىلەن تاجىكىستان پرېزىدېنتى ئىمامئالى رەھمانوف ئامېرىكا تەرەپكە ئۆتتى، يەنى ئامېرىكىنىڭ كۆڭلىكى ئاستىغا كىردى ـ دېدى.

ئوتتۇرا ئاسىيا مەسىلىلىرى تەتقىقاتچىلىرىنىڭ قارىشىچە، مۇستەقىللىقىنىڭ ئەگرى ـ توقاي مۇساپىلىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ ئۆزلىرىنىڭ خەلقئارا سەھنىدىكى ئورنىنى قوغداشنىڭ كاپالىتىنى ئىزدەپ كۆپ قىسلىغان ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن ئۆزبېكىستان ۋە تاجىكىستان كەلگۈسى مەۋجۇدلۇقىنىڭ ھەقىقىي كاپالىتى، دەپ قارىغان ئا ق ش نىڭ كۆڭلىكى ئاستىغا كىرىشنى، كۈنسايىن كۈچىيىۋاتقان خىتاينىڭ چوڭ دۆلەتچىلىك پىسخىكىسىنى مەسخىرە ۋە سۈنئىي كۈلكىلىرى بىلەن نىقابلاپ تۇرۇپ سۆيۈشلىرىدىن ئەۋزەل كۆرگەندى.

روسىيە مەتبۇئاتلىرىدىكى مۇنازىرىلەرگە قارىغاندا، ئىككى ئەسىردىن بۇيان ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھاۋا كېلىماتىغا ئۆگىنىپ قالغان روسىيە مەزكۇر رايوندىن ئوندىاق ئاسانلا چىقىپ كېتىشنى خالىمىسىمۇ، ئۆزىنىڭ غەرب دۇنياسىغا قايتىش، يەنى غەرب بىلەن بىر سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي چەمبىرەك دائىرىسىگە كىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ يېڭى كېلىچەكنى بەلگىلەشتىن ئىبارەت تەقەززالىق، ئېھتىياج ۋە مەجبۇرىيەت ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا مەسىلىسىدە ئامېرىكا باشلىق غەرب بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىشقا رازىلىق بىلدۈرۈشىگە تۈرتكە بولدى.

پۇتىن بىلەن كەرىموفنىڭ قول سىقىشقان كۆرۈنۈشلىرى جاڭزېمىننىڭ پۇتىننى قۇچاقلىۋالغىنىغا زادىلا ئوخشىمايتى. پۇتىن ئويلىنىشلاردىن كېيىن كەرىموفنىڭ ئامېرىكا باشلىق تېرورىزىمغا قارشى ئىتتىپاققا كىرىشىگە رازىلىقىنى بىلدۈردى. لېكىن پۇتىن شۇنىڭدىن ئۈچ ھەپتە ئىلگىرى جاڭزېمىن بىلەن تېرورىزىم مەسىلىسىدە بىر قېتىم تېلېفوندا سۆزلەشكەنىدىن باشقا، ھېچقانداق ئالاقە قىلمىدى. شۇنىڭغا مۇناسىپ، خەلقئارا مەسىلىلەر كۈزەتچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ 11 ـ سىنتەبىردىن كېيىن پۇتىن بىلەن جاڭزېمىننىڭ دوستلۇقىغا بولغان گۇمانلىرىنى ئاشۇرماقتا.

دۇنيا شۇنچە ئۆزگىرىپ كەتكەن، خىتاينىڭ بوسۇغىسىدا ئامېرىكا، ئەنگلىيە، روسىيە، پاكىستان، ھىندىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى ھەممە غەرب ۋە شەرقنىڭ كۆيلىگەن ئەللىرىنىڭ قۇدرەتلىك بىر ئىتتىپاقى مەيدانغا كېلىش ئالدىدا تۇرسا، جاڭزېمىن ئەجەپ كونا دوستى پۇتىننى ۋە رۇمكا

سوقۇشتۇرغان بۇرادەرلىرىدىن كەرىموف، رەھمانوف، ئاقايېۋ ۋە نەزەربايېۋلەرنى ئىزدەپمۇ قويمىدى؟ ئەكسىچە ئافغانىستان چېگرىلىرىغا ئەسكەرلىرىنى توكۇۋەتتى.

مۇلاھىزىچىلەرنىڭ قارىشىچە، ئامېرىكا ھېچقاچان روسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا بولغان قىزىقىشىغا قوپاللىق بىلەن مۇئامىلە قىلمايدۇ. بەلكى ئۇنى ئوتتۇرا ئاسىيادا يەنىلا ئۆز مەنپەئەتىنى مەلۇم دەرىجىدە ساقلاپ قېلىشقا ئۈندەشى مۇمكىن. ئەگەر ناتو ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرسە چوقۇم روسىيىمۇ ناتو تەركىۋىدە بۇ يەردىكى مەنپەئەتىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىششى ئېھتىمالغا يېقىن ئىكەن.

روسىيە خەۋەرلىرىگە قارىغاندا، روسىيە بىخەتەرلىك كېڭەشى باشلىقى ۋىلادىمىر رۇشاخىيلو 9 - ئۆكتەبىر دۈشەنبىدە زىيارەتتە بولۇپ، مۇستەقىل دۆلەتلەرنىڭ كوللېكتىپ بىخەتەرلىكىنى قوغداش كېلىشىمىنى كۈچەيتىشكە ھەرىكەت قىلىۋاتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن روسىيە پارلامېنتى 9 - ئوكتەبىر ناتونىڭ پارلامېنت كومىتېتى بىلەن ھەمكارلىق كېلىشىمى تۈزگەن. بۇنىڭغا ئۇلىنىپلا خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى تاڭجياشۈەن روسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بىلەن تېلېفوندا پىكىر ئالماشتۇرغانلىقىنى، ئۇيغۇر ۋە چېچەن مەسىلىلىرىدە ئىككى دۆلەتنىڭ مەيدانىنىڭ بىردەكلىكىنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئانالىزچىلار وە ژورنالىستلار بۇنىڭغا ئانچە قىزىقمىغاندەك، ھېچ شەپىسىزلا توختاپ قالدى.

مۇلاھىزىچىلەر، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يېڭى تەرتىۋىنىڭ ئامېرىكا باشلىق غەرب بىلەن روسىيىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ئورنۇتىلىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىۋاتقان چاغدا، خىتاي مەتبۇئاتلىرى بۇ نۇقتىنى چۈشىنىپ، ئۇيغۇر ئېلىگە كۆپ ساندا ئەسكەر يۆتكەپ، ئۇرۇش مەزكۇر دۆلەتلەر بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدا بولىدىغاندەك مۇداپىئەگە ئۆتۈپ، بۇ رايوندا جىددىيلىك كەيپىياتلىرىنى ئەۋج ئالدۇرىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلىشماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىتاي مەتبۇئاتلىرى يەنە غەرب دۇنياسىغا ئۇيغۇرلارنى ھەدەپ تېرورچى قىلىپ كۆرسىتىدىغان تەشۋىقاتلىرىنى كۆپەيتمەكتە. ھەتتا خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى تاڭجياشۈەن ۋە باياناتچىسى جۇباڭزاۋ قاتارلىقلار ئۇيغۇرلارنى تېرورچىلار قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىشتىكى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مەيدانىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، غەرب قۇلاق سالمايلا قالماستىن، تېخى يېقىندىلا خىتايلارغا ماسلىشىپ ئۇيغۇرلارنى تېرورچى، دەپ تىللىشىپ بەرگەن روسىيە بىردىنلا جىمىقىپ، ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى تەشۋىقاتلىرى توختاپ قالدى.

ۋەقەلەر دىراماتىك تۈس ئالغان بولۇپ، يېقىندا ۋىلادىمىر پۇتىن جاڭزېمىن بىلەن تېلېفوندا سۆزلىشىپ بولۇپلا ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە ئۆزلىرىنىڭ ھەمكارلىشىش مەيدانىنى بىلدۈردى ھەمدە ئۆزبېكىستان ۋە تاجىكىستانلارمۇ «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى» نىڭ ماددىلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، جاڭزېمىنغا تېلېفون بېرىپمۇ قويماستىن، ئامېرىكا ئەسكەرلىرىگە ئىشىكنى ئېچىپ بەردى.

ئانالىزچىلار شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ رولى قالمىغانلىقىنى ھۆكۈم قىلىشماقتا. ئۇلار «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى» غا ئەزا دۆلەتلەر باش مىنىستىرلىرىنىڭ 14 — سىنتەبىر كۈنى ئالمۇتادىكى ئۇچرىشىش يىغىنىدا، ئۇلارنىڭ تېرورىزىمنى ئورتاق ئەيىپلىشى بەلكى بۇ تەشكىلاتنىڭ ئاخىرقى خىزمىتى بولسا كېرەك، دەپ بەرەز قىلىشماقتا.

11 — سىنتەبىردىن كېيىنكى دۇنيا، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا ھەم ئامېرىكا — روسىيە مۇناسىۋەتلىرى، روسىيە — ناتو مۇناسىۋەتلىرى، روسىيە — خىتاي مۇناسىۋەتلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا خىتاي باشچىلىقىدا ئەمەس، بەلكى ئامېرىكا باشچىلىقىدا تېرورىزىمغا قارشى ئىتتىپاق پەيدا بولىدىغانلىقىنى، خىتاي بولسا ئىنسان ھەقلىرىنى تېرورىزىمغا باغلاپ باستۇرغۇچى دۆلەت بولۇش سالاھىيىتى بىلەن سەھنىگە چىقىپ، ئۆزلىرىنىڭ 21 — ئەسىرنىڭ يېڭى كىرىزىسىغا يېتىپ قېلىشىدىن قۇتۇلۇش يولىنى غەرب بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ ئىزدەش كېرەكمۇ ياكى خىتاي مىللەتچىلىكى ئارقىلىق ئىزدەش كېرەكمۇ، دېگەن سوئالغا جاۋاپ ئىزدەشكە مەجبۇر بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى.

# 25 ـ فېۋرال ۋەقەسى ۋە ئەخمەت ئەپەندى

شۆھرەت ھوشۇر

1947 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 22 ـ 23 ـ كۈنلىرى نامايىش بىلەن باشلانغان ۋە 24 ـ 25 ـ كۈنلىرى سىياسىي ھىيلە ـ نەيرەڭ بىلەن قەھرىمانلىقنىڭ كۈرىشىگە ئايلانغان «25 ـ فېۋرال ۋەقەسى» مۇستەقىللىق كۈرەش تارىخىمىزدىكى يەنە بىر ئۇنتۇلماس كۈنلەر. بۇ كۈنى ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن نامايىشقا بەش مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قاتنىشىدۇ. نامايىشچىلار بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ «11 بىتىم» غا ئەمەل قىلمايۋاتقان خىتاي قانتىغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، 50 تۈرلۈك تەلەپ ئوتتۇرىغا قويىدۇ ۋە تەلەپلەرنىڭ 72 سائەت ئىچىدە جاۋاپلاندۇرۇلىشىنى شەرت قىلىدۇ. بۇ تەلەپلەردىن مۇھىم بولغان يەتتىسى تۆۋەندىكىچە: 1 . مەركەزنىڭ ئەسكىرى قوشۇنى چېكىنىپ چىقىپ كەتسۇن. 2 . ئاقسۇ ۋە قەشقەردە مىللىي ئارمىيە تەشكىل قىلىنسۇن. 3 . ھەربىيلەر سىياسەتكە قول تىقمىسۇن. 4 . شىنجاڭدىكى مەركەزگە بىۋاستە باغلىنىشلىق بانكا ۋە پوچتا قاتارلىق ئورۇنلار يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ (بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ) باشقۇرىشىغا ئۆتسۇن. 5 . شىنجاڭدىكى ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنىڭ 70% ئى يەرلىك خەلقتىن تەشكىل قىلىنسۇن. 6 . سايلام قايتا ئېلىپ بېرىلسۇن، بارلىق ۋىلايەتلەردە ۋالى يەرلىك خەلقتىن سايلانسۇن. 7. سايلام قانۇنىغا خىلاپ ھالدا ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن يەركەن ۋالىسى لوفېنگاڭ ۋە ئۈرۈمچى ۋالىسى خادىۋان ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلسۇن (شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتاپتىن ئېلىندى. 3 ـ توم، 879 ـ 880 ـ بەتلەر).

بۇ تەلەپلەرنىڭ خاراكتېرى نامايىشچىلارنىڭ ۋە نامايىشنى ئاستىرتتىن قوزغىغان بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىكى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ مۇستەقىللىق غايىسىگە تىنچلىق يولى بىلەن ئۆتۈش تىرىشچانلىقىنى كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن شۇ چاغدىكى ئۇيغۇر زىيالىلىرىنىڭ دېموكراتىك ھاكىمىيەت چۈشەنچىسىنىڭ مۇكەممەللىك دەرىجىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ نامايىش سىياسىي ھاياتىمىزدىكى نامايىشلار تارىخىدا ئەڭ كۆپ تەلەپ ئوتتۇرىغا قويغان ۋە شۇ دەۋرگە نىسپەتەن قاتنىشىش كۆلىمى ئەڭ كەڭرى بولغان، ئېنىقى مۇھىمى ھۆكۈمەتنى جىددىي بىر مۇزاكىرە ئۆستىلىگە ئولتۇرغۇزۇپ، كۆپ ساندىكى تەلەپلىرىنىڭ توغرىلىقىنى شۇ كۈنىنىڭ ئۆزىدە ھۆكۈمەتكە ئېتىراپ قىلدۇرالىغان بىر نامايىش. نامايىشنىڭ بۇ ئۇتۇقىنى قازىنىشىدا، بىرلەشمە ھۆكۈمەتتە مىللەتكە ۋەكىللىك قىلغۇچى بىر گورۇپنىڭ مەۋجۇدلىقىدىن باشقا، ماناس دەرياسى بويىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان 30 مىڭ كىشىلىك مىللىي ئارمىيىمىزنىڭ مەۋجۇدلىقى ئاساسلىق بىر سەۋەپ (گەرچە بۇمۇ تارىخىمىزدىكى بارلىق نامايىشلارغا ئوخشاشلا تەلەپلىرى ئىجرائاتسىز قالغان بىر نامايىش بولسىمۇ).

ئەخمەت ئەپەندىنىڭ ئورۇنلاشتۇرىشى بىلەن ئېچىلغان تەلەپلەرنى مۇزاكىرە قىلىش يىغىنىدا، ئۆزى خالىمىغان بىر قارارغا قول قويۇشقا مەجبۇر بولۇپ

قالغان بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ خىتاي قانىتى نامايىشقا نامايىش ئارقىلىق جاۋاپ بېرىپ، مەزكۇر قارارنى ئىناۋەتسىز قىلماقچى بولىدۇ. نەتىجىدە، 24 ـ 25 ـ فېۋرال كۈنى ئۈرۈمچىدىكى خەنزۇلار ئۇيۇشمىسى، تۇڭگانلار ئۇيۇشمىسى ۋە قازاق ئۇيۇشمىسىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى نامايىش ئۆتكۈزۈپ ھۆكۈمەتكە تەلەپنامە سۇنىدۇ. مۇھىملىرى:

1 . ھۆكۈمەت ھەممە نەرسە يەرلىكنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن، دېگەن قارىشىدىن ۋاز كەچسۇن. 2 . ئۈچ ۋىلايەتتىكى يەرلىك قوراللىق كۈچلەر دۆلەتنىڭ ئەسكىرى نىزامى بويىچە تەرتىپكە سېلىنسۇن. 3 . ئۈچ ۋىلايەتنىڭ چېگرىسى دۆلەت ئارمىيىسى تەرىپىدىن قوغدالسۇن. 4. ئۈچ ۋىلايەتتە، ۋەقەلەر جەريانىدا گۇناھسىز ئىنسانلارنى ئۆلتۈرگەنلەر جازالانسۇن. 5 . شەرقىي تۈركىستان قۇرۇش ھەرىكىتى توختىتىلسۇن (شۇ كىتاپ 882 ـ 883 ـ بەتلەر).

ئەخمەت ئەپەندى نامايىشچىلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، تەلەپلەرگە بىر بىرلەپ جاۋاپ بېرىدۇ. كۈتكەن جاۋابىغا ئېرىشەلمىگەن نامايىشچىلار «يوقالسۇن ئەخمەتجان!»، «يوقالسۇن ئابباسوف!» دەپ شوئار توۋلاپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ ئىككى ياش، ئىقتىدارلىق رەھبىرىنى ھاقارەتلەيدۇ. ئەخمەت ئەپەندى ئىلمىي ۋە توغرا جاۋابىغا نارازى بولغان نامايىشچىلارغا، ئۇلارنىڭ تەلەپنامىسىنى كۆز ئالدىدىلا يىرتىپ تاشلاپ، ئۇلارنىڭ سەممىيەتسىزلىكىگە زەربە بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن نامايىشچىلار تەركىۋىگە يوشۇرۇنغان خىتاي ئەسكەرلىرى ھۆكۈمەت بىناسىنى قورشىۋالىدۇ. سۆيۈملۈك رەھبەرلىرىنىڭ ھۆكۈمەت بىناسى ئىچىدە قورشىلىپ قالغىنىنى ئۇققان ئۈرۈمچىدىكى 10 مىڭچە ئۇيغۇر جامائىتى شەھەر دەرۋازىسىنى قورشىۋالىدۇ. ماناس بويىدا تىزگىنلىنىپ قالغان مىللىي ئارمىيە ھەربىي ھازىرلىقتا ئۆتۈپ بۇيرۇق كۈتىدۇ. ئۇرۇش سېغىنغان جەڭگىۋار ئاتلار ئۈرۈمچىگە قاراپ تىزگىن سىرىيدۇ. كۆرەشنىڭ ئەڭ كەسكىنى ھۆكۈمەت بىناسى ئىچىدە ئۇيغۇر ۋە خىتاي گورۇپپىسى ئىچىدە داۋام قىلىدۇ. ئابدۇكېرىم ئابباسوف خىتاي تەرەپكە: ـ ئۇلار خەلق ئەمەس، سىلەرنىڭ ئەسكەرلىرىڭ، ياق دېيەلمەسەڭ، ئۇلارغا مۇشۇ تاپنىڭ ئۆزىدىلا ئەسكىرى بۇيرۇق بېرىپ باق! ـ دەيدۇ. بۇ سوئال ئالدىدا رەزىل بولغان خىتاي تەرەپ گەپ يورغىلىتىپ ئۆزىنى ئاقلاشقا تىرىشىدۇ: ئەخمەت ئەپەندى بولسا سىياسىي مەزمۇندىكى لەتىپىلەرنى سۆزلەپ، كۈلۈپ ئولتۇرۇپ دۈشمەننىڭ ئوسال ھالىتىنى مەسخىرە قىلىدۇ. بۇ ئارىدا سىرتتا ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ، توقۇنۇش بولىدۇ(بۇرھان شەھىدىنىڭ شوپۇرى ئوق تېگىپ ئۆلىدۇ). ھۆكۈمەت ئىشخانىسىنىڭ ئىشىكى «نامايىشچىلار» نىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرايدۇ. بۇ چاغدا خىتاي تەرەپ كۆيۈنگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئەخمەت ئەپەندىگە ئىشخانىدىن قېچىپ چىقىپ كېتىپ، ھاياتىنى قوغداشنى تەۋسىيە قىلىدۇ ۋە ئارقا ئىشىكتىن يول كۆرسىتىدۇ. بۇ چاغدا ئەخمەت ئەپەندى مۇنداق جاۋاپ بېرىدۇ: ـ شۇ ئىشىكلاردا بولسۇنكى، بىز تاغدىن چۈشتۇق، بىز ئۈچۈن ئۆلۈم قورقۇنۇشلۇق بىر نەرسە ئەمەس. ھازىر بىزگە ئەمەس، ئۆزۈڭلارغا يول تاللاڭلار، ئالدىڭلاردا ئىككى يول بار: بىرى، ئادەملىرىڭلار باستۇرۇپ كىرىپ بىزنى ئۆلتۈرسۇن، بۈگۈن ئۈرۈمچىدە، ئەتە پۈتۈن شىنجاڭدا قان ئاقىدۇ. مىللىتىمىز غايىسىگە تېخىمۇ باغلىنىدۇ ۋە تېخىمۇ كەسكىن ئۆلۈشىدۇ. يەنە بىر يول، سىرتقا چىقىپ ئادەملىرىڭلارنى چېكىندۈرۈڭلار، بۇ ئەھۋالدا بىز ھايات قالىمىز، مىللىتىمىز ئۈچۈن يەنە بىر مەزگىل خىزمەت قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشىمىز. ھەر ئىككىلىسى بىز ئۈچۈن پايدىلىق يول (884 ـ 885 ـ بەتلەر). بۇ گەپتىن كېيىن خىتاي تەرەپ ئامالسىز

سىرتقا چىقىپ، «ئاملىيشچىلار» نى تارقىتىۋېتىدۇ.

بىر ئىنسانىنىڭ تېنىچ ۋە خاتىرجەم مۇھىتتا مىكرافوننى تۇتۇپ تۇرۇپ دانىمۇ دانە گەپ قىلىشى، جاراڭلىق نۇتۇق سۆزلىشى تەس ئىش ئەمەس. ئەمما 25 ـ فېۋرالدىكىدەك مىلتىقنىڭ ئۇچى پېشانىسىگە تەگلىنىپ قالغان، هاياتى بۇرۇن ـ بۇرۇنغا تاقاشقان پەيتلەردە گەپنى مەردانە قىلالاش، تەپەككۇرنىڭ ھەرىكىتىنى نورمال تۇتالاش، پوزىتسىيىدە كەسكىن بولالاش ۋە دۈشمەننى قاقاخلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ مەسخىرە قىلالاش ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس. بۇ پەقەت هاياتنى بىر غايە ئۈچۈن ئاتىغان، دەۋا يولىدىكى ئۆلۈمدىن لەززەت ئالالايدىغانلىقىغا ئىشەنگەن ئىنسانلا قاملاشتۇرالايدىغان مەردانىلىق. مۇشۇنداق بولغىنى ئۈچۈنلا ئەخمەت ئەپەندىنىڭ مەزكۇر جاۋابى خەلقىمىز ئىچىدە داستانلاشقان. مېنىڭچە 25 ـ فېورال كۈننى ئەخمەت ئەپەندىنىڭ خەلقىمىز ئالدىدا بىر قېتىم ئىمتاھاندىن ئۆتكەن كۈنى، دېيىشكە بولىدۇ. بۇ يەردىكى ئىمتاھان يالغۇز ئەقلىي ئەمەس، ھەم جاسارەتتىكى، پىداكارلىقتىكى ئىمتاھاندۇر. ئەخمەت ئەپەندىنىڭ بۇ ئىمتاھاندىكى لاياقىتىنى خەلقىمىزلا ئەمەس، خىتايلارمۇ ئېتىراپ قىلىشقان. بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ خىتاي ئەزالىرىدىن بولغان لىيۇزىرۇڭ ۋەقەدىن بىر كۈن كېيىن ئەخمەت ئەپەندىنى زىيارەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

تۈنۈگۈنكى ۋەقەدە مەن سىزنىڭ پاراستىڭىزگە ۋە جاسارىتىڭىزگە قول قويدۇم. بۇ گەپلەرنى ماڭا ۋىژدانىم سۆزلەۋاتىدۇ(ئۆمۈر داستانى: 278 ـ 279 ـ بەتلەر).

مۇئەللىپ سۆيۈملۈك رەھبەر ئەخمەتجان قاسىمىنى ھۆرمەت بىلەن ئەسلەيدۇ ۋە نىمشېھىتنىڭ ئەخمەت ئەپەندى ھەققىدە يازغان مەرسىيىسىنىڭ ئۈچ كۇپلىتىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىگە سۇنۇش بىلەن ماقالىسىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ:

ئەي، نىمشېھىت، دۇنيادا ھىچ كامال بارمۇ؟
مەرسىيىدىن ئۆزگە ئىشقا ماجال بارمۇ؟
سەبىر، دىمەي بۇ قىسمەتكە ئامال بارمۇ؟
كۆرەلمىدۇق پەلەك سېنىڭ ئادالىتىڭنى.

ھەممىگە تەڭ كەلدى بۇگۈن دەرت بىلەن غەم،
چارە يوقتۇر باشقا چۈشتى ئېغىر ئەلەم،
تارىخىڭنى يازار ئەمدى ئالتۇن قەلەم،
ھۆرمەت بىلەن ساقلايمىز بىز ئامانىتىڭنى.

تېنىڭ كەتتى، لېكىن روھىڭ بىزگە يولداش،
ھەر سائەتتە، ھەر مىنۇتتا ئىشتا قولداش،
مەيۈسلەنمە سەن ئېلىڭدىن ئەي، ۋەتەنداش،
ھىچ بۇزالماس شەيتان سېنىڭ ئىمارىتىڭنى.

---

## بايرام بايراقىنىڭ ئاستىدا !

### ئۆتۈكەن

تۈنۈگۈن ئانىلار بايرىمى كۈنى ئانامغا تېلېفۇن ئاچتىم ۋە بايرىمىنى تەبرىكلىدىم. ئانام دېدىكى: بالام قاچانمۇ كۆرۈشەلەرمىز؟ شۇ كۈنى ماڭا بايرام بولىدۇ! خانىمىغا تېلېفۇن ئاچماقچى بولدۇم، ئۇخشاش جاۋاپنى ئېلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ ۋاز كەچتىم. بىر شېھىد دوستۇمنىڭ ئانىسىنى تەبرىكلىمەكچى بولدۇم، ئەمما «بۇ تەبرىك ئۆز ئوغلۇمدىن كەلسە نىمە دېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە؟» دەپ ھەسرەت چېكىپ قالمىسۇن ئۈچۈن ۋاز كەچتىم. بىر مەھبۇس دوستۇمنىڭ ئانىسىغا تېلېفۇن قىلماقچى بولدۇم، لېكىن ئۇنىڭمۇ «بالامنىڭ قولىدا كويزا، پۇتىدا كىشەن تۇرسا ماڭا قانداقمۇ بايرام بولسۇن» دەپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ۋاز كەچتىم. ئوغلانلار ئۈچۈن بايرامنىڭ مۇھىتىنى ھازىرلىماي تۇرۇپ بايرامدىن سۆز ئېچىش نىمە دېگەن ئازاپ ـ ھە! شۇنداق، بۇگۈن ئۇيغۇر ئانىلارنىڭ بايرىمى تەبرىكسىز قالدى، بۇ ئانىلارغا سۆزۈم مۇنداق: بايرام بايراقىنىڭ ئاستىدا! بۇگۈن بۇ بايراق بىزنىڭ قولىمىزدا، ئەتە بۇ بايراق ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ ئۈستىدە، بوغدا تېغىنىڭ چوققىسىدا، غۇلجا ئاسمىنىدا جەۋلان قىلىدۇ! سەبىر قىلىڭلار ۋە بىزنى ئەيۋ قىلىڭلار!

# «غەرق بولغان mu قىتئەسىنىڭ ئەۋلادلىرى» (1) ناملىق كىتاب ھەققىدە

ئالىمجان ئىنايەت

دارۋىن «ئادەم مايمۇندىن تۆرەلگەن» دېگەن كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، دۇنيانىڭ بەزى جايلىرىدىن تېپىلغان سۆڭەكلەرنى دەلىل سۈپىتىدە كۆرسەتكەن ئىدى. بۇنىڭغا نۇرغۇن كىشىلەر ئىشەندى ۋە ھېلىمۇ ئىشىنىۋاتقانلار بار. جېيمىس چۇرچۋارد (James Churchward) «غەرق بولغان مۇ قىتئەسىنىڭ ئەۋلادلىرى» (Thechildren of Mu) ناملىق قىزىقارلىق، بەلكى فانتازىيىلىك تۇيغۇ بېرىدىغان ئەسىرىنى يېزىش ئۈچۈن دۇنيانىڭ نۇرغۇن جايلىرىغا ئالايىتەن بېرىپ، كۆپ دەلىللەرنى توپلىغان ۋە بۇلارنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن 50 يىللىق ئۆمرىنى سەرپ ئەتكەن. شۇ سەۋەپتىنمۇ بۇ ئەسەرنى بەلگىلىك پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە دېيىشكە بولىدۇ. ئاتا تۈركمۇ بۇ كىتابنى ئەھمىيەت بىلەن ئوقۇغان ۋە مەخسۇس ئادەم تەيىنلەپ تەتقىق قىلدۇرغان. مەن بۇ ماقالەمدە مەزكۇر كىتابنىڭ ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك قىسىملىرىنىلا شەرھىلەپ ئۆتىمەن.

جېيمىس چۇرچۋاردنىڭ 50 يىللىق ھاياتىنى خوراتقان بۇ كىتابتا ئالغا سۈرۈلگەن ئىدىيە نېمە؟

ئاپتورنىڭ ئېيتىشىچە: بۇندىن 70 مىڭ يىللار ئاۋال ئامېرىكا بىلەن ئاسىيا ئوتتۇرىسىدىكى تىنچ ئوكياندا مۇ دېگەن چوڭ بىر قىتئە بولغان ئىدى. بۇ قىتئەنىڭ چوڭلۇقى شەرقتىن غەرپكىچە تەخمىنەن 9500 كىلومېتر، شىمالدىن جەنۇپقىچە 4800 كىلومېتر كېلەتتى. تىنچ ئوكياندىكى تاقىم ئاراللار ئۇ زامانلاردا مۇ قىتئەسىنىڭ بىر پارچىسى ئىدى. لېكىن بۇندىن 12 مىڭ يىل بۇرۇن يۈز بەرگەن قاتتىق يەر تەۋرەشتە مۇ قىتئەسى بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ ئۈستىدە ياشاۋاتقان 60 مىليون ئىنسان بىراقلا سۇغا غەرق بولۇپ كەتتى.

ھازىرقى تىنچ ئوكيان مۇ قىتئەسىدە ياشىغان 60 مىليون ئىنسان ۋە بۇ قىتئەدە ۋۇجۇدقا كەلگەن بۈيۈك مەدەنىيەتنىڭ مازىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. (2)

جېيمىس چورچۋارد بۇ چوڭ قىتئەنىڭ مەۋجۇت بولۇپ ئۆتكىنىنى قانداق بىلگەن؟

1868 ـ يىلى، ئۇ ھىندىستاندا ئەنگلىيە ئوفىتسېرى بولۇپ ۋەزىپە ئۆتەۋاتقاندا بىر تاۋاپخانا راھىبى بىلەن دوست بولغان ۋە تاۋاپخانىدا ئەسىرلەردىن بۇيان ساقلىنىۋاتقان تاش ھەم ساپال بۇيۇملىرى ئۈستىگە يېزىلغان يېزىقلارنى تەرجىمە قىلىشنى ئۆگەنگەن. شۇ جەرياندا، ئۇ بۇ يېزىقلاردىن كۆپ ئەسىرلەر بۇرۇن ناھايىتى ئۇلۇغ بىر مەدەنىيەتنىڭ دۇنياغا كېلىپ، كېيىن يەنە يوقۇلۇپ كەتكەنلىكىنى سەزگەن.

جېيمىس چۇرچۋارد بۇ مۆجىزىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ ئۆتكىنىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن تاش يېزىقلىرى، ھىندىستان، جۇڭگو، بىرما، تىبەت، كامبودژالاردىن تېپىلغان كىتاپلار، قول يازمىلار، ئابىدىلەر، ئەپسانىلەر، تىنچ ئوكيان ئاراللىرىدىن تېپىلغان قالدۇق ئابىدىلەر، سىمۋوللۇق ئىشارەتلەر، رىۋايەتلەر، مېكسىكىدىن تېپىلغان تاش يېزىقلىرى، شىمالىي ئامېرىكىنىڭ غەربىي قىسمىدىن تېپىلغان ئۆڭكۈر ئادەملىرىگە ئائىت يېزىق ۋە سىزىقلار، قەدىمقى گىرېك پەيلاسوپلىرىنىڭ كىتاپلىرى، قەدىمقى مىسىرغا ئائىت كىتاپ، قولىيازما قاتارلىقلار ئۈستىدە 50 يىل تەتقىقات ئېلىپ بارغان. (3)

ئۇنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا، مۇ قىتئەسىدە ئۇيغۇرلار ھەم ياشىغان بولۇپ، ئۆز زامانىدا بۈيۈك بىر ئىمپىراتورلۇق قۇرغان ئىدى. ئۇيغۇر ئىمپىراتورلۇقى « قۇياش ئىمپىراتورلۇقى » دەپ ئاتىلىدىغان مۇ دىن قالىسلا دۇنيادا مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ قۇدرەتلىك ئىمپىراتورلۇق بولۇش سالاھىيىتىگە ئىگە ئىدى. ئۇيغۇر ئىمپىراتورلۇقىنىڭ شەرقىي چېگرىسى تىنچ ئوكيان، غەربىي چېگرىسى موسكۋاغا يېقىن جايدا ئىدى. ئالدىنقى قاراۋۇللىرى ياۋروپانىڭ ئىچكىي قىسمىلىرى بويىچە ئاتلانتىك ئوكيانغىچە سوزۇلاتتى. شىمالىي چېگرىسى بولسا شىمالىي مۇز دېڭىزىغىچە سوزۇلغان ئىدى. جەنۇبىي چېگرىسى ھىندىچىن، بىرما، ھىندىستان ۋە پەرەس دۆلەتلىرىنىڭ بىر قىسمىغا يېتىپ باراتتى. (4)

قارىماققا، بۇ پىكىرنى قوبۇل قىلىش ئاسان ئەمەس. لېكىن شۇنى بىلىش لازىمكى، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ئەسلا مىلادىدىن كېيىنكى 740 ـ 840 گىچە بولغان يۈز يىللىق تارىختىنلا ئىبارەت ئەمەس. ئۇلار ھونلار دەۋرىدىمۇ ئۆز سەلتەنەتى بىلەن ياشاپ كەلگەن. بۇ رېئاللىقنى خىتايلارنىڭ تارىخىي قەيتلىرى ئىسپاتلاپ تۇرماقتا. دەرۋەقە، خىتايچە تارىخىي مەنبەلەر بولمىغىنىدا، بىز بۇ پاكىتلارغىمۇ مۇيەسسەر بولالمىغان بولاتتۇق. ئەجىبا، خىتايچە مەنبەلەردە ئەكس ئېتىشتىن بۇرۇن ئۇيغۇرلار مەۋجۇت ئەمەسمىدى؟ بەلكى مىڭلارچە، ئون مىڭلارچە يىللاردىن بۇيان ياشاپ كەلگەن! جېيمس چۇرچۋاردنىڭ پىكرىنى بۇ مەنتىقە بويىچە ئېيتقاندا ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس، دېيىشكە ئاساسىمىز يوق.

جېيمس چۇرچۋاردنىڭ پىكرىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ئارىيان ئىرىقلىرىنىڭ تارىخى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. چۈنكى، ھەقىقى ئارىيان ئىرىقلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر نەسلىدىن كەلگەن ئىدى. ئۇيغۇرلار تەرتىيەر (Tertiyer) دەۋرىدىن بېرى ياۋروپانىڭ ئىچكىي قىسمىلىرى بويىچە ئولتۇراقلاشقان ئىدى. ئۇلار ئىمپىراتورلۇق، چوڭ ماگنېتلىق ئاپەت ۋە تاغلارنىڭ كۆتۈرۈلۈش ھادىسىلىرى سەۋەبىدىن تارقىلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ھايات قالغانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ نەسلىدىن بولغانلار ياۋروپادا تەكرار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. بۇ پلېيستوسەنىك (Pleyistosenik) دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. سلاۋيانلار (Slav) ، تۆتانلار(Toton)، كەلتلەر(Kelt)، ئىرلاندىيلىكلەر(Irlandilar)، بروتونلار(Broton) ۋە باسك (Bask) لارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر نەسلىدىن كەلگەن ئىدى. بروتونلار، باسكلار ھەم ھەقىقىي ئىرلاندىيلىكلەر ياۋروپاغا تەرتىيەر دەۋرىدە كەلگەنلەرنىڭ ۋە ماگنېتلىق ئاپەت، تاغلارنىڭ كۆتۈرۈلۈش ھادىسىسىدىن ئامان قالغانلارنىڭ ئەۋلاتلىرى ئىدى.(5)

چۇرچۋارد بۇنداق خۇلاسىگە كېلىشتە، يۇقارقى مىللەتلەر ئىچىدىن ئىرلاندىيلىكلەر بىلەن باسكلارنىڭ، ئىرلاندىيلىكلەر بىلەن نىپالدىكى ئىنسانلارنىڭ ئۆزارا تىل ئوقشاشلىقىنى دەلىل قىلغان.

ئۇيغۇرلار بەزى تارىخىي مەنبەلەردە ھونلارنىڭ ئەۋلادلىرى، دەپ كۆرسىتىلىدۇ. لېكىن ھونلار ياۋروپاغا كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن پەرىقلىق دىن ۋە پەرىقلىق مەدەنىيەت مۇھىتىدا پەرىقلىق تەرەققىيات يۈنۈلىشىگە قاراپ ماڭغان، نەتىجىدە ھازىرقى ئۇيغۇرلار بىلەن ئوخشىمايدىغان ھالەتنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، چۇرچۋاردنىڭ پىكرىدە ئاساس يوق، دېگىلى بولمايدۇ. ئەگەر يۇقارقى مىللەتلەرنىڭ تىلى بىلەن قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بېرىلسا، بەلكىم خېلى كۆپ ئورتاق ئېلېمېنتلار بايقىلىشى مۇمكىن.

چۇرچۋارد مۇنداق دەيدۇ:

«ئۇيغۇر ئىمپىراتورلۇقى تازا گۈللەنگەن زامانلاردا، تاغلار ئېغىز بارلىققا كەلمىگەن ئىدى. بۈگۈنكى گوبى چۆللىرى مۇنبەت ۋە سۇغا باي بىر رايون ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەختى دەل مۇشۇ يەردە ــ بايقال كۆلىنىڭ بىر ئاز جەنۇبىدا ئىدى.»(6)

مەلۇم بولغىنىدەك، قەدىمقى زاماندا تەبىئەتتە ناھايىتى زور ئۆزگۈرۈشلەر يۈز بەرگەن. تارىخچىمىز تۇرغۇن ئالماس «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «شىنجاڭ (شەرقىي تۈركىستان) زېمىنىدا نېفىتلىكلەر ۋە كۆمۈر كانلىرىنىڭ كۆپلىكى ئەڭ قەدىمقى چاغدا تارىم ۋادىسى بىلەن جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ ناھايىتى چوڭ ئىچكىي دېڭىز بولغانلىقىنى، تاغلارنىڭ ۋە تاغ ئېتەكلىرىنىڭ چەكسىز قېلىن ئورمانلار بىلەن قاپلانغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. چۈنكى تەبىئەتتە بولىدىغان ئۆزگۈرۈشلەر (دەھشەتلىك يەر تەۋرەشلەر، قۇرغاقچىلىق) نەتىجىسىدە، شەرقىي تۈركىستان دىكى ئىككى چوڭ ئىچكىي دېڭىز كىچىكلەپ، قۇرۇقلۇق يۈزى كېڭەيگەن. ھازىرقى سايرام، باغراش، لوپنۇر كۆللىرى قەدىمقى ئىچكىي دېڭىز ئورنىدا قالغان قالدۇق كۆللەردۇر.»(7) بۇنىڭدىن قارىغاندا، چۇرچىۋاردنىڭ بۇ پىكرىنى خاتا دېگىلى بولمايدۇ.

چۇرچىۋارد مۇناسىۋەتلىك ھالدا مۇنداق دەيدۇ: 1896 ـ يىلى مەلۇم بىر قېدىرىپ تەكشۈرۈش ئەترىتى تىبەتتىن ئىگىلىگەن مەلۇماتلارغا بىنائەن، بۇرۇنقى قارا خوتا(khara khota) شەھرىنىڭ خارابىلىرىنى زىيارەت قىلدى. ئۇلار ئۇيغۇر پايتەختىنىڭ قارا خوتا خارابىلىرىنىڭ ئاستىدا ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدى. ئۇلار بۇ خارابىلەرنى قېزىشقا باشلىدى، كېيىن بىر قىيا، تاش ۋە قۇم قەۋىتىگە يەتتى. 15 مېتىر قازغاندىن كېيىن ئۇيغۇر پايتەختىنىڭ قالدۇقلىرىنى تاپتى. لېكىن خىراجىتى يېتىشمىگەنلىكى سەۋەبىدىن بۇ ئەترەت ئىشنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن رۇس ئارخېئولوگى كوسلوف (kosloff) بىر قېدىرىپ تەكشۈرۈش ئەترىتى ئۇيۇشتۇرۇپ، قارا خوتادىكى قېزىشنى داۋاملاشتۇردى.(8)

چۇرچىۋارد ئۆز پىكرىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن تاش يېزىقلىرى، ئارخېئولوگىيىلىك تېپىندىلارغىلا تايىنىپ قالماي، شەرقتىكى ئەللەردىن نۇرغۇن ئەپسانىلارنىمۇ توپلىغان. چۈنكى ئەپسانىلار تارىخ ھېساپلانمىسىمۇ، رېئاللىقنى مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ ئەپسانىلەردە مۇنداق دېيىلىدۇكەن: ھىمالايا تاغلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا بۇرۇن تۈزلەڭلىك بولۇپ، مۇنبەت زېمىن، ئېرىقچىلىققا مۇۋاپىق تۇپراقلار، ئورمانلار، كۆللەر دەريالار بىلەن قاپلانغان ئىدى. ناھايىتى سۈپەتلىك كوچىلار ۋە كارۋان يوللىرى شەھەر، يېزىلارنى ئۆزئارا تۇتاشتۇراتتى. تولۇمۇ چىرايلىق شەھەرلەر، چوڭ ئاۋاپىخانىلار، دۆلەتكە تەۋە بىنالار، ئەمەلدارلار سارايلىرى ۋە كۆركەم خۇسۇسىي تۇرالغۇلار بار ئىدى.(9)

تارىخىي ماتېرىياللاردىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ نۇرغۇن مەشھۇر شەھەرلىرى بولغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ. بەشبالىق شۇلارنىڭ بىرىدۇر. ئۇنداقتا بۇ شەھەرلەر قانداق غايىپ بولدى؟ چۇرچىۋاردنىڭ دېيىشىچە، توپان دولقۇنى غەرق قىلغان ياكى بولمىسا چەكسىز قۇملۇقنىڭ ئاستىدا قالغان.

چۇرچىۋاردنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، تىبەتتىكى بىر ئاۋاپىخانىدا بەزى ناقال يېزىقلىرى مەۋجۇت. بۇلارنىڭ بىرىدە مۇنداق دېيىلگەن: «ناقاللار 7000 يىل بۇرۇن ئانا قىتئەنىڭ مۇقەددەس تېكىستلىرىنىڭ كۆچۈرمىلىرىنى ئۇيغۇر پايتەختىگە ئېلىپ كەتتى.»

ئەپسانىۋى تارىخ ئانا قىتئەدىن كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ دەسلەپتە ھازىرقى سىبىرىق دېڭىز

(Huanghai) بويىدىكى بىر يەردە ئولتۇراقلاشقانلىقىنى كۆرسەتمەكتە. «بۇ جايدىن ھەرىكەت قىلىپ، ئىچكىرىگە قاراپ يېيىلدى. ناھايىتى سۇلۇق ۋە تۈزلەڭلىك بىر ۋادىغا كۆچتى». شۇندىن كېيىن ئۇيغۇرلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك قەيتلەر پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا، كاسپىي دېڭىزى رايونى ۋە ئوتتۇرا ياۋرۇپادىن ئاتلانتىك ئوكيانىغىچە بولغان رايونلاردا كۆرۈلۈشكە باشلىدى.(10)

ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەختى قاچان ۋە نىمە ئۈچۈن خاراپ بولغان؟

چۇرچۋاردنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، بىر تاۋاپخانىدىكى كونا قەيتتە مۇنداق دېيىلگەن :

«ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەختى پۈتۈن ئاھالىسى بىلەن بىللە ئىمپېراتورلۇقنىڭ سەرقىي تەرىپىگە باشتىن ئاخىرى تەسىر كۆرسەتكەن ۋە ھەممىنى ھالاك قىلغۇچى بىر توپان بالاسىدا يوق بولغان». بۇ كونا قەيت چوقۇم گىئولوگىيىلىك دەلىللەرگە ئىگە، دەيدۇ چۇرچۋارد. (11)

ئەگەر بۈگۈنكى موڭغۇل، ئېۋېنكى ۋە ئېلۇنچۇن قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئەپسانىلىرىنى ئوقۇيدىغان بولساق، بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا موشۇنداق بىر توپاننىڭ مەۋجۇت بولغانلىقىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ. مەسىلەن: موڭغۇللارنىڭ « بابائىجىنىڭ ئادەمنى يارىتىشى» دېگەن ئەپسانىدە«بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا دۇنيادا سەل ئاپىتى يۈز بېرىپ، پۈتۈن دۇنيانى سۇ بېسىپ كەتكەن، ھېچبىر جانلىق قالمىغان ئىكەن...» دېيىلىدۇ. (12) يەنە موڭغۇللارنىڭ «دۇنيا قانداق پەيدا بولغان؟» دېگەن ئەپسانىسىدە: «بۇرۇننىڭ بۇرىنىسىدا دۇنيارىمىزنى سۇ بېسىپ ھېچنىمە قالمىغان، پۈتۈن دۇنيا دېڭىز- ئوكيانغا ئايلانغان ئىكەن» دېيىلىدۇ. (13) «سولۇن جەمەتى ھەققىدە رىۋايەت» دېگەن بىر ئېۋېنكى رىۋايىتىدىمۇ: «ناھايىتى كۆپ يىللار بۇرۇن بىر سەل ئاپىتى يۈز بېرىپ، ئېگىز تاغلارمۇ سۇ ئاستىدا قالغان، ئىنسانلارمۇ غەرق بولۇپ تۈگىگەن، ئاخىرىدا بىر ئاتا بىلەن ئۇنىڭ قىزى قالغان، ئۇلار بىر بىرى بىلەن تۇرمۇش قۇرۇپ، سولۇن جەمەتىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن» دېيىلىدۇ. (14) «ئاچا بىلەن ئۇكا» دېگەن بىر خېجې ئەپسانىسىدە: «ئاسمان - زېمىننى قاپلىغان سەل ئاپىتىدىن كېيىن، پەقەتلا بىر ئاچا بىلەن ئۇنىڭ ئۇكىسى قالغان» دېيىلىدۇ. (15)

چۇرچۋارد بۇ توپان ئاپىتى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «پايتەختنىڭ ئۈگزىسىدىن كونا قارا خوتاننىڭ ھۇللىرىغىچە بولغان ئارىلىق بىر قەۋەت قىيا، تاش ۋە قۇم بىلەن تولغان. بۇنداق ئەھۋال سۇ باسقاندىلا مەيدانغا كېلىدۇ. بۇنى پۈتۈن دۇنيادىكى گىئولوگلار قوبۇل قىلماقتا. بۇ توپان شەك - شۈبھىسىز مۇقەددەس كىتاپتا ئېيتىلغان «توپان»، ئاخىرقى ماگنىتلىق ئاپەتنىڭ شىمالىي دولقۇن ئېقىمى ئىدى. 1880 - يىللاردا گىئولوگىيىلىك بىر تەتقىقات ھەيئىتى بىلەن، بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر نۇقتىدىن دېنا دەرياسىنىڭ ئاغزىغا ۋە شىمالىي قۇتۇپ دېڭىزىنىڭ نېرىسىدىكى ئاراللارغا قەدەر سوزۇلغان تەكشۈرۈشتە بىرگە بولدۇم. بۇ تەكشۈرۈشلىرىمىز مىڭلارچە يىللار بۇرۇن، ئىچىدە مۇز بولمىغان غايەت زور بىر سۇ ئاپىتى دولقۇنىنىڭ جەنۇپتىن شىمالغا قاراپ بۇ رايون ئۈستىدىن ئۆتكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

بۇ توپان، گىئولوگىيىلىك تەتقىقاتلارغا قارىغاندا، شىمالىي يېرىم شاردىكى مۇز دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن. قەيتلەر يەنە ئۇيغۇر ئىمپېراتورلۇقىنىڭ پايتەختىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان شەرقىي قىسمىنىڭ پۈتۈن جانلىقلار بىلەن بىرلىكتە يوق بولۇپ كەتكەنلىكىنى ۋە ئۇ تەرەپتىكىلەر سۈرۈپ ئېلىپ كېتىلگەندە، غەربىي ھەم غەربىي جەنۇپتىكى رايونلارغا ھېچ تەسىرى بولمىغانلىقىنى بىلدۈرمەكتە.

تاغلار ئوتتۇرا ئاسىيانى ھەممە تەرەپتىن ئايرىيدۇ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئىمپىراتورلۇقى چېگرىسى ئىچىدە قالغان رايونلاردا تاغلىق زېمىنلار خېلى كۆپ. توپاندىن

كېيىنكى دەۋرلەردە تاغلارنىڭ كۆتۈرۈلۈپ چىقىشى ئۈچۈن قانچىلىك ۋاقىت كەتكەنلىكى ھەققىدە ھېچبىر ئىسپات مەنبىسىگە ئېرىشەلمىدىم. تاغلار مەيدانغا كەلگەندە ھەقىقەتەن قاتتىق يەر تەۋرەپ كەتكەن ۋە زېمىننىڭ بېغىرساقلىرىدىن قىيالار چاچراپ چىققاندا يەر تەۋرەپ، ھەممە نەرسىنى پارە - پارە قىلىۋەتكەن. بۇ ئومۇمىي يېغىنغا يانار تاغلار چاچرىتىپ چىقارغان ئىسسىق ماگمىلار قوشۇلغان ئىدى. توپاندىن ئامان قالغان ئۇيغۇرلارنىڭ قانچىلىك قىسمىنىڭ يەنە تاغلارنىڭ كۆتۈرۈلۈشى نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن ئاپەتتىن قۇتۇلۇپ قالغىنىنى تەخمىن قىلىش قىيىن، لېكىن سانى ناھايىتى ئاز بولۇشى مۇمكىن. دۇنيانىڭ ھەر يېرىدە تاغلار كۆتۈرۈلگەندە، ئوخشاش ئەھۋال يۈز بەرگەن. گوبى ۋە گوبى ئەتراپىدىكى خىلمۇخىل تاغلار بۇ رايوننىڭ سۇ يوللىرىنى ئۆزگەرتتى، يەر ئاستىدىكى قىيالارنىڭ يېرىلىشى بىلەن يەر ئۈستىدىكى سۇلار يەر ئاستىغا ئېقىپ كەتتى ۋە يەر ئاستى دەريالىرى مەيدانغا كەلدى. يەر ئۈستىدىكى پۈتۈن سۇلار سىڭىپ كەتكەندىن كېيىن، گوبى بۈگۈنكى قۇملۇق، قىيالىق ۋە ئادەم ياشىغىلى بولمايدىغان تاشلاندۇق يەر ھالىغا كېلىپ قالدى. شەكسىزكى، قۇملۇقنىڭ بىرقانچە مېتىر ئاستىدىنلا سۇ تاپقىلى بولىدۇ. بىز ئىككى، ئۈچ مېتىر چوڭقۇرلۇقتىنلا سۇ تاپتۇق.»

چۇرچۋارد مۇنداق دەيدۇ: ئەپسانىۋى تارىخ، ئۇيغۇرلارنىڭ ياۋروپانىڭ پۈتۈن ئىچكى قىسىملىرىغا تارقالغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

«مانۇنىڭ كىتاۋى» ناملىق قەدىمقى بىر ھىندى كىتاۋىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئۇيغۇرلارنىڭ كاسپىي دېڭىزىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىي قىرغاقلىرىدا تۇرالغۇ مەركەزلىرى بار ئىدى.» بۇ بەلكىم ماكس مۇللېر (Max Muller) ئوتتۇرىغا قويغان پلېيستوسېننىڭ دەۋرىدىكى بىر كۆچۈشتۇر. يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ ياۋروپاغا ئىككىنچى قېتىملىق كۆچۈشىدۇر. ئىلمىي خادىملار تەمىنلىگەن ئىسمىدىن شۇنى ھېس قىلىۋاتىمەنكى، شەرقىي ياۋروپادا تۇنجى قېتىم ماكانلاشقانلار، ياشاش مۇمكىنچىلىكى قالمىغان تاغلاردىن قېچىپ قۇتۇلغان ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكى چوقۇم. ماكس مۇللېرمۇ بۇنى دەلىللەپ مۇنداق دەيدۇ:

«دەسلەپكى كاۋكازلىقلار ئوتتۇرا ئاسىيا تاغلىرىدىن كەلگەن كىچىك بىر گورۇپپا ئىدى». شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ كاۋكاز ئويمانلىقلىرىغا پلېيستوسېننىڭ دەۋرىدە، يەنى تاغلارنىڭ كۆتۈرۈلۈشىدىن كېيىن كەلگەنلىكىنىمۇ قوشۇپ قويىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، ئۇيغۇرلار تاغلارنىڭ كۆتۈرۈلۈشىدىن ئاۋالمۇ ياۋروپادا ئىدى. ھازىر ئوتتۇرا ئاسىيا قەبىلىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى زامانىنى تاغلارنىڭ كۆتۈرۈلۈشىدىن ئېتىبارەن ھېسابلىماقتا. (16)

چۇرچۋارد ئۇيغۇرلارنىڭ تىبەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

«تىبەت بۇرۇنقى زاماندا بۈيۈك ئۇيغۇر ئىمپېراتورلۇقىنىڭ بىر پارچىسى ئىدى، بۇ ئەھۋال تاغلارنىڭ كۆتۈرۈلۈشىدىن بۇرۇنقى دەۋرگە توغرا كېلىدۇ. ئۇ زامانلاردا تىبەت مۇنبەت ۋە تۈزلەڭ زېمىن ئىدى. بۈگۈن بولسا دۇنيانىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسى ھېسابلىنىدۇ.

تاغلارنىڭ ئىچكى قىسىملىرىدا — براخماپۇترا دەرياسى مەنبەلىرىدىن بىرىنىڭ ئۈستىدە بەزى تاۋاپخانىلار مەۋجۇت. سانىنى خاتىرىلىيەلمەيمەن. بۇ تاۋاپخانىلارنىڭ بىرىدە، ناقال كۆتۈپخانىسىنىڭ ھەممىسى دېسىمۇ بولىدىغان مىڭلارچە تاش يېزىق خاتىرىلىرى بار. ماڭا بۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەختىدىكى ناقال كىتابلىقى ئىكەنلىكى ئېيتىلغان ئىدى. بۇ تاش يېزىقلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئاجايىپ بىرخىل ئەپسانىۋى ھېكايە بايان قىلىنىدۇ. مويسىپىت رېكشى ماڭا ئېيتىپ بەرگەن بۇ ھېكايە مۇنداق: شەرقىي ۋە شەرقىي شىمالىي ئاسىيانى توپان بېسىپ كەتكەن

كۆنلەردە ئۇيغۇر پايتەختىمۇ ۋەيران بولۇپ، پۈتكۈل خەلق سۇغا غەرق بولغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ناقاللارنىڭ ئانا قىتئەدىن بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەن چوڭ بىر كۆتۈپخانىسىمۇ تۇپراققا كۆمۈلۈپ كەتكەن. ئارىدىن ئۇزۇن يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، توپان تەسىرىگە ئۇچرىمىغان غەربىي رايوندىكى ناقاللار پايتەختنىڭ خارابىلىرىگە باردى ۋە تاش يېزىقلارنى يەردىن كولاپ چىقىرىپ، غەربتىكى بىر تاۋاپخانىغا توشۇدى. تاغلار كۆتۈرۈلۈپ بۇ تاۋاپخانىمۇ تۇپراققا كۆمۈلگەندە، تاش يېزىقلىرى يەنە بىر قېتىم يەر ئاستىدا قالدى. ئارىدىن كۆپ ئۇزۇن يىللار ئۆتتى. بۇ قېتىم تاغلارنىڭ كۆتۈرۈلۈش ئاپىتىدىن قۇتۇلغان ناقاللارنىڭ ئەۋلادلىرى تاۋاپخانا خارابىسىنى كولاپ، كۆتۈپخانىنى تۇپراق ئاستىدىن چىقاردى - دە، بۇگۈنكى يېرىگە توشۇدى...

بۇ تاۋاپخانىمۇ، تاش يېزىقلىرىمۇ نامەلۇم ئەمەس، بۇنى شەرقشۇناس ئالىملار ياخشى بىلىدۇ. مېنىڭ شەخسىي مەلۇماتىم بويىچە، كەم دېگەندە ئۈچ ئېنگلىز ۋە ئىككى رۇس بۇ تاۋاپخانىنى زىيارەت قىلغان.» (17)

چۇرچۋارد ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلارنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە توختالغاندا، مۇنداق بىر پىكىرنى ئىلگىرى سۈرىدۇ: «ئادەتتە، خىتايلار ئۆز مەدەنىيەتلىرىنى بىۋاستە ياراتقان، دېگەن قاراش ئومۇملاشقان. ياق، بۇ توغرا ئەمەس. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى بۇ خىتايلارغا ئەجدادىدىن مىراس قالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە خىتايلارنىڭ تېگى موڭغۇل دەپمۇ قارىلىدۇ. ھالبۇكى، خىتايلار يېرىم قان موڭغۇلدۇر. باشقا ئاتىلىرى ئاق ئارىيانلاردۇر (Ari). ئۇيغۇر ئىمپېراتورلۇقى دەۋرىدە ئاق ئۇيغۇرلارنىڭ بىرمۇنچىسى سېرىق ئېرقتىكى موڭغۇللارغا ئۆيلەنگەن. موڭغۇل دىيارى ئۇيغۇر ئىمپېراتورلۇقىنىڭ جەنۇبىغا توغرا كېلەتتى ۋە بۇ چاتما ئۆيلىنىش نەتىجىسىدە تۇغۇلغان ئەۋلادلىرى كېيىن تۇنجى جۇڭگو ئىمپېراتورلۇقىنى قۇردى. قەيتلەردە مۇنداق يېزىلىدۇ: ” ئۇيغۇر ئەرلىرى سېرىق ياۋايىلارنىڭ ئەڭ چىرايلىقلىرىغا ئۆيلىنەتتى. ” ھازىرقى خىتايلارنىڭ بىرمۇنچىسى ئاق ئەتلىك كېلىدۇ. بۇ، ئۇلارنىڭ تومۇرىدىكى ئۇيغۇر قېنىنىڭ ئىپادىلىنىشىدۇر. تۆۋەن تەبىقىدىكى خىتاي قۇللىرى تېپىدىكىلەردە بولسا ئۇيغۇر قېنى يوقتۇر. ئۇلار بۇرۇنقى سېرىق موڭغۇللارنىڭ ئەسلى ئەۋلادلىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

بۇ چاتما ئۆيلىنىش ئىشىدا ئۇيغۇر تەرەپ، باللىرىنى ئۇيغۇرچە تەربىيە ئۆلچەملىرى بويىچە يېتىشتۈرۈشكە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلەتتى. شۇ سەۋەپتىن دەسلەپكى خىتاي ئىمپېراتورلۇقى تومۇرلىرىدا ئۇيغۇر قېنى بولغان ۋە بۈيۈك ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىن نېسىۋە ئالغان كىشىلەر تەرىپىدىن قۇرۇلدى. بۇ ھالدا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىنى ئەجدادلىرى تەرىپىدىن ئۇلارغا مىراس قالغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، دېيىش مۇمكىن. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى تاۋاپخانىلاردا بۇلارنى دەلىللەيدىغان نۇرغۇن يازما ئەسەر بار. ئىلمىيراق خىتاي خادىملىرىمۇ بۇنى ھېچ ئىككىلەنمەستىن قوبۇل قىلىدۇ.» (18)

ئۇيغۇرلارنىڭ مەدلەر ۋە پەرەسلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى چۇرچۋارد مۇنداق بايان قىلىدۇ: «ئۇيغۇر ئىمپېراتورلۇقىنىڭ غەربىي جەنۇب رايونلىرىدا تاغنىڭ كۆتۈرۈلۈش ھادىسىسى سەۋەبىدىن قېيىن ئەھۋالدا قالغان ئۇيغۇرلاردىن تېرىك قالغانلار تارىخ سەھنىسىگە ئۇيغۇر ئىمپېراتورلۇقىنىڭ مۇنقەرىز بولۇشىدىن 8000 يىل ياكى 10000 يىل كېيىن ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ ئۇزۇن تارىخىي جەرياندا نۇرغۇنلىغان كىچىك قەۋىملەر مەيدانغا كەلدى ۋە كۆچەيدى. تاغلارنىڭ تار ۋادىلىرى ئۇلارنى سىغدۇرالماس ھالەتكە يەتكەندە ئۆزلىرىگە يېڭى يۇرت ئېپىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى. نەتىجىدە كۆپىيىشكە ۋە قۇدرەت تېپىشقا ئۇيغۇن كېلىدىغان تۈزلەڭلىكلەرگە قاراپ كۆچتى. بۇ كۆچۈش مىلادىدىن بۇرۇنقى 2000 ــ يىللاردىن 1500 ــ يىللارغىچە داۋاملاشتى. ”

مەدلەر ۋە پەرەسلەر ئۇيغۇرلار ۋاستىسى ئارقىلىق ئانا قىتئەنىڭ ئاخرايا قەبىلىلىرىدىن كەلگەن ئارىيانلار ئىدى. مەدلەرمۇ، پەرەسلەرمۇ تاغلارنىڭ كۆتۈرۈلۈش ھادىسىسىدىن قۇتۇلۇپ قالغان كىچىك ئۇيغۇر گورۇپپىلىرىدىن ئىمپېراتورلۇقلارغا ئايلاندى.»(19)

چۇرچىۋارد مۇناسىۋەتلىك ھالدا مۇنداق دەيدۇ: «ھىندى ئارىيانلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تارمىقىنىڭ نەسلىدىن كەلگەن ئىدى ۋە تاغلار كۆتۈرۈلگەندە ھىندىقۇشقا يېقىن يەردىكى ئافغانىستان تاغلىرىدىن قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. مەدلەر ۋە پەرەسلەر ئۇلارنىڭ شىمالدىكى داۋامى ھېساپلىنىدۇ.»(20)

ئۇيغۇرلارنىڭ ياۋرۇپادا ئولتۇراقلىشىش مەسىلىسى ھەققىدە چۇرچىۋارد مۇنداق دەيدۇ:

«ئۇيغۇر ئىمپېراتورلۇقى بۈيۈك بىر مۇستەملىكچى ئىمپېراتورلۇق ئىدى. ئۇنىڭ تېررىتورىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەممىسىنى، تىنچ ئوكياندىن ئورال تاغلىرىغىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى ۋە ياۋرۇپانىڭ پۈتۈن مەركىزىي نۇقتىلىرىدا مۇستەملىكە مەركەزلىرى ھەم ئولتۇراق رايونلىرى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئېغىمۇ ئىلگىرىلىشىگە توسقۇن بولغان نەرسە پەقەت ئاتلانتىك ئوكياندى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ياۋرۇپادا ئولتۇراقلىشىشى ئىككى قېتىملىق ئايرىم كۆچۈش دولقۇنىدا شەكىللەنگەن. بىرىنچى قېتىملىق كۆچۈشتە كەلگەنلەر ئومۇمەن چوڭ ماگنىتلىق ئاپەتتە ھالاك بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن تاغلارنىڭ كۆتۈرۈلۈش ھادىسىسى بولدى. بۇ قېتىمقى ئاپەتتە ھەممىسى يوق بولۇپ كەتمىدى، بەلكى ئۈچ كىچىك گورۇپپا ياكى سۇلالە ئۆز مەۋجۇدىيىتىنى ساقلاپ قالدى. بۇ گورۇپپىلارنىڭ بۈگۈنكى ئەۋلادلىرى فرانسىيەدىكى برېتونلار، ئىسپانىيەدىكى باسكلار ۋە ئۆزلىرىنىڭ تەبىرى بىلەن ئېيتقاندا "خاس ئىرلاندىيىلىكلەر" دۇر. بۇ خەلقلەرنىڭ ھەممىسى تىل جەھەتتە ئۆزارا مۇناسىۋەتلىك.

ماگنىتلىق ئاپەت، مۇقەددەس كىتاپتىكى "توپان" ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن تاغلارنىڭ كۆتۈرۈلۈش ھادىسىسىدىن كېيىن، بۈگۈن "ئارىيانلار" دەپ تونۇلغان ئۇيغۇر گورۇپپىلىرى ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيا تاغلىرىدىن چۈشۈپ، شەرقىي ياۋرۇپاغا تارقالدى. ماكس مۇللېرمۇ تەتقىقاتلىرىدا بۇ مەسىلىگە تېگىپ ئۆتكەن. بۇ كىشىلەر توپاندىن، ئاسىيا ۋە ياۋرۇپادىكى تاغلارنىڭ كۆتۈرۈلۈش ئاپىتىدىن قۇتۇلۇپ قالغانلار ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ياۋرۇپاغا بىرىنچى ۋە ئىككىنچى قېتىملىق كۆچۈشلىرىنى تىلغا ئالغان شەرق قەيتلىرى مەۋجۇت. دەسلەپكى كۆچۈش دولقۇنىدا ياۋرۇپاغا كىرگەنلەر تاغلار كۆتۈرۈلمەستىن بۇرۇنقى پلېيستوسېنىك دەۋرىدە كىرگەن. ئىككىنچى قېتىملىق كۆچۈش بولسا پلېيستوسېنىك دەۋرىدە ۋە تاغلارنىڭ مەيدانغا كېلىش ئەسناسىدا، يەنى بىرىنچى قېتىملىق كۆچۈشتىن مىڭلارچە يىل كېيىن بولغان. دەسلەپكى ئۇيغۇرلاردىن قالغان ناھايىتى ئاز نەرسە قولغا چۈشۈرۈلگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىمى، يېقىندا "بۈگۈنكى موراۋىيا" دېگەن رايوندا قولغا چۈشۈرۈلگەن نەرسىدۇر. بۇ يەردە توپان ۋە تاغلارنىڭ كۆتۈرۈلۈش ھادىسىسى نەتىجىسىدە تارىختا ئايلانغان بىر گورۇپپا ئىنسان ياشىغان. پۈتۈن ئولتۇراقلىشىش خارابىلىرى تاغ ئېتەكلىرىنىڭ ئاستىدىن تېپىلغان.»(21)

جېيمىس چۇرچىۋاردنىڭ بۇ كىتابى بىزنىڭ تەسەۋۋۇر ۋە پىكىر قىلىش دائىرىمىزنى تېخىمۇ كېڭەيتىشىمىزگە تۈرتكە بولغۇسى. شۇنى تەكىتلىمەكچىمەنكى، بۈگۈن موڭغۇلىيەدە ياپۇنلار ۋە گېرمانلارنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇر شەھەرلىرىنى قېزىش پائالىيەتلىرى بىلەن مەشغۇل بولىۋاتقانلىقى مەلۇم. يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بېرى تۈركلەرمۇ مەڭگۈ تاشلارنى رېمونت قىلىش ۋە ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئىشىغا كىرىشتى. بۇ پائالىيەتلەر يېقىن كەلگۈسىدە، تېخىمۇ يېڭى قاراشلارنىڭ ۋۇجۇتقا چىقىشىغا يول ئېچىشى مۇمكىن.

# شەرقىي تۈركىستان غەربكە ئۈمىد باغلاۋاتىدۇ

سېرگىي كوزلوۋ

1990 ـ يىللىرىنىڭ بېشىدا، مەركىزىي ئاسىيادا يېڭى مۇستەقىل دۆلەتلەر قۇرۇلغان ۋاقىتتا، يەرلىك ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى ئۇيغۇر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ، يەنى ئۇلارنىڭ قارىشى بويىچە ئالغاندا، خىتاينىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تېررىتورىيىسىدە مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشنىڭ بىردىن بىر زور شەرت ـ شارائىتىنىڭ ھازىرلانغانلىقىغا ئۈمىد باغلىغان ئىدى. بىراق سوۋېتلەر ئىتتىپاقى يىمىرىلگەندىن بۇيانقى توققۇز يىل ئىچىدە ئەھۋال مەزكۇر ئىدىيىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا پايدىسىز ھالغا ئۆزگەردى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى، يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتىشى بويىچە ئالغاندا شەرقىي تۈركىستاننىڭ خىتايدىن ئايرىلىش مۇمكىنچىلىكى تېخىمۇ يىراقلىشىپ قالدى.

مەركىزىي ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ رەھبەرلىرى قازاق، ئۆزبېك، قىرغىز، تۈركمەنلەر بىلەن تۇققانچىلىقا ئىگە ھەمدە ئەسىرلەردىن بۇيان مەركىزىي ئاسىيادا ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىل دۆلەتلىرىگە ئىگە بولۇپ كەلگەن مۇسۇلمان تۈرك خەلقى ھېساپلانغان ئۇيغۇرلارنىڭ مەنپەئەتىنى دەپ، ئۆزلىرىنىڭ قۇدرەتلىك جەنۇبىي قوشنىسى بولغان خىتاي بىلەن مۇناسىۋىتىنى بۇزۇۋەتمىدى.

ئۇيغۇر جامائىتىنىڭ ئۈمىدلىرى تولىمۇ ساددىلىقتىن دېرەك بەردى. ئۇلار ئۇيغۇر جەڭگىۋارلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى قاتتىق تەكشۈرۈلىۋاتقان، ھەتتا خەلق ئالدىدا ئۆلتۈرۈلىۋاتقان بىر پەيتتە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىشلىرىدا مەزكۇر دۆلەتلەردىن كېلىدىغان ياردەمنى ھەددىدىن زىيادە ئاشۇرۇپ پەرەز قىلغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستانلار خىتاي بىلەن بۇ دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئەتىگە تەھدىت سېلىۋاتقان بۆلگۈنچىلىكنى ئۆزارا ھەمكارلىشىپ باستۇرۇشقا ئائىت مەخسۇس ماددىلار تۈزۈلگەن شاڭخەي كېلىشىمىنى ئىمزالىدى. بېيجىڭ ئۈچۈن مەزكۇر ماددىلارنىڭ مەقسىدى ئېنىق بولۇپ، ئۇيغۇر مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى يېتىم قالدۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. خىتايلار دائىملا مەزكۇر كېلىشىم ماددىلىرىنىڭ ئورۇنلىنىشىنى غەربىي شىمالىي قوشنىلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە بولغان ساداقىتى بىلەن باغلاۋاتاتتى. ئاستانە، بىشكەك ۋە دۈشەنبە بولسا خىتايلارنىڭ بۇ نۇقتىسىنى ناھايىتى ياخشى چۈشىنەتتى.

1999 ـ يىلى شىنجاڭلىق ئۈچ ئۇيغۇر قوشنا قازاقىستاندىن پانالىق ئىزدەشكە مەجبۇر بولدى. ئۇلار ئۇيغۇر مۇستەقىللىق ھەرىكىتى تەرىپىدىن ئۆز خەلقىنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان ۋەتەنپەرۋەر جەڭچىلەر دەپ ھېساپلانغان بولسا، خىتايلار تەرىپىدىن قانۇنسىز تەشكىلاتنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىغا قاتناشقان تېرورچىلار دەپ ئېلان قىلىنغان ئىدى. ئاستانە خىتاينىڭ تەلىۋى بىلەن بۇ ئۈچ ئۇيغۇرنى قايتۇرۇپ بەردى ھەمدە ئۇلار دەرھاللا خىتاي تەرىپىدىن ئېتىپ تاشلاندى.

مەزكۇر ۋەقە بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بىر ۋاقىتتا، «شەرقىي تۈركىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى» نىڭ بەش نەپەر ئاكتىپ ئەزاسى قېيىن ئەھۋال يۈز بەرگەندە روسىيە تېررىتورىيىسىگە قېچىپ كېلىشكە مەجبۇر بولدى. خىتاي

شاڭخەي كېلىشىمىگە ئىمزا قويغان موسكۋادىن بۇلارنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. بىراق ئۇلار قايتۇرۇپ بېرىلمىدى، ئەكسىنچە روسىيە سوتى بۇ قاچقۇنلارنى ئاقلىدى. نەتىجىدە ئۇلار روسىيىدە قېلىش ئىمكانىغا ئېرىشتى. ئەلۋەتتە، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىگە قوشنا بولغان مەركىزى ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ رەھبەرلىرى ئۆزلىرىنى روسىيىگە ئوخشاش بۇنداق مۇستەقىللىققا ئىگە قىلالمىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇر رەھبەرلىرىنىڭ قارىشىچە بۇ يەرلەردە خىتاينىڭ مەخسۇس رازۋېتكىسى دائىم ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش ھەرىكەتلىرى ئېلىپ بارماقتا.

رەسمى مەلۇماتلار بويىچە ئالغاندا، بۇ يىل سېنتەبىر ئېيىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئالمۇتا شەھرىنىڭ مەركىزىدە «ئۇيغۇر تېرورچىلار گورۇپپىسى» يوقىتىلغان. قازاقىستان ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مەلۇماتىدا بايان قىلىنىشىچە، ئۇلارغا قارشى ھۇجۇم شەھەر چېتىدىكى ئۆيلەرنىڭ بىرىدە «پاسپورت تۈزۈمى» بويىچە «پاسپورت تەكشۈرمە كېچى» بولغان ئىككى ساقچىنىڭ ئۆلتۈرۈلىشى بىلەن باشلانغان ئىكەن. كېيىن مەلۇم بولۇشىچە ساقچىلارنىڭ بۇ ھەرىكىتى تولىمۇ غەلىتە بولۇپ، ئۇلار بۇ ئۆيگە قورانىڭ تاملىرىدىن ئارتىلىپ كىرمەكچى بولغان. نەتىجىدە قوراللىق ئۇيغۇرلارنىڭ قايتارما ھۇجۇمىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ۋە شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار دەرھال يوشۇرۇنغان. مەزكۇر گورۇپپىنى يوقىتىش ھەرىكىتى شەھەرنىڭ ئائىلىلىكلەر زىچ جايلاشقان رايونىدا بىر قانچە سائەت داۋاملاشتى. بۇ ھەرىكەتكە ئىچكى ئىشلار ئورگىنىنىڭ 200 دىن ئارتۇق خادىملىرى ئىككى برونېۋىكنىڭ ھىمايىسى بىلەن قاتناشتى. گراناتلار ئىشلىتىلگەن ئېتىشىشلار شەھەرنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى. مەزكۇر گورۇپپىنىڭ تۆت قاتناشقۇچىسى ئۆلتۈرۈلدى. بۇ ۋەقە يۈز بەرگەن مەزكۇر كۆپ ئائىلىلىكلەر بىناسىدىكى ياشىغۇچىلار پەقەت تاسادىپى ھالدا تەلىيى ئوڭدىن كېلىپلا ھېچقانداق خېيىم-خەتەرگە ئۇچرىمىغانىدى. بۇ ۋەقە توغرىسىدىكى مەلۇماتلار ئالمۇتا ئۇيغۇرلىرى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلارغا نىسپەتەن ئۆتكۈن قىلىشلار ۋە ئاختۇرۇشلارنىڭ يېڭىدىن كۆپىيىشىنىلا كەلتۈرۈپ چىقارماستىن، بەلكى يەنە جەمئىيەتتە ئۇيغۇرلارغا قارشى كەيپىياتنى پەيدا قىلدى. ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ باياناتلىرى، شۇنىڭدەك يەرلىك ئاخبارات ساھەسى بۇ ئەھۋالنى ئاز بولمىغان دەرىجىدە كۆپچىتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆلگۈچىلەر خىتايدا ھەرىكەت قىلىۋاتقان «ئىمركىن شمرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى، دەپ ئېلان قىلىندى. بۇ قېتىمقى ھۇجۇمدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ھۆكۈمەت بىشكەكتىكى ئۇيغۇر جامائىتىنىڭ لىدىرىنى ۋە قىرغىزىستاندىكى خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ ئىككى نەپەر خادىمىنى دەل مۇشۇ پەرەز ئاستىدىكى تېرورچىلارنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكىنى جاكالىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ ھۆكۈملەرنىڭ ھەممىسى ئېنىق ئىسپاتقا ئىگە ئەمەس ئىدى. پەقەت قازاقىستان تېلېۋىزىيىسى قىزغىن ھالدا كۆرسەتكەن ئۇيغۇرلارغا مەنسۇپ بولغان قورال-ياراقلارنىڭ يېنىدىكى ھۆججەتلەردىن باشقا ھېچقانداق ئىسپات يوق ئىدى. ھۆكۈمەت ئىزاھاتلىرىدا مەزكۇر ھۆججەتلەر بۇ گورۇپپىنىڭ دەل مەخپى ئۇيغۇر مىللەتچىلىك تەشكىلاتىغا تەۋە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغانلىقى بايان قىلىنغان. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، بۇ ئۇيغۇر تەشكىلاتىنىڭ مەقسىدى بەلكى قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان تېررىتورىيىسىدە مۇستەقىل ئۇيغۇر دۆلىتى قۇرۇشتىن ئىبارەت ئىمىش.

مەزكۇر «ئىسپاتلاش»لارنىڭ ھەممىسى قانچىلىك بىمەنە بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، بەرىبىر خىتايدىن چىققان بۇ كىشىلەر بىلەن ھېچبىر مۇناسىۋىتى بولمىغان يەرلىك ئۇيغۇرلارغا نىسپەتەن پسىخولوگىيىلىك ۋە تەشۋىقاتچىلىق نۇقتىلىرىدىن بېسىملەرنى تېزلا كۈچەيتىۋەتتى. بولۇپمۇ كېيىن يەنە «ئىمركىن سەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتى» ئۆزلىرىنىڭ بۇ تۆت نەپەر ئەزاسىنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىش مەقسىتىدە مەركىزى ئاسىيا ئەللىرى تېررىتورىيىسىدە «يېڭى تېرورلۇق ھەرىكەتلىرى» سادىر قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر پەيدا

بولدى. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇ خەۋەرنى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىك ئورگىنىنىڭ ۋەكىللىرى ئۆزلىرىنىڭ مەركىزى ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى كەسپداشلىرىغا يەتكۈزگەن ئىكەن.

بۇ «ئۇيغۇر تېرورچىلىرى» نى يوقىتىشنىڭ بارلىق تارىخىدىن قارىغاندا كۆپلىگەن مەسىلىلەر مەۋجۇد. مەسىلەن: ئاتالمىش تېرورچى باندىتلار تۆت ئەر ۋە بىر ئايال (بۇ ئايال قازاقستان ھۆكۈمەت دائىرىلىرى تەرىپىدىن دەرھاللا «ئايال مەرگەن» دەپ ئاتالغان)، شۇنداقلا تۆت ياشلىق بىر ئوغۇل بالا ۋە تۆت ئايلىق بولغان بىر قىزچاقتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلار ھۇجۇم ۋاقتىدا ئۆيدە بولمىغان. تېخى ھازىرغىچە قانۇن ئورگانلىرى ئېتىشىش يۈز بەرگەن مەزكۇر ئۆينىڭ ئىگىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىكىتەلمىگەن. پەقەت بىرلا نەرسە ئېنىقكى، بۇ ئۆي ئىگىسى ئۇيغۇر ئەمەس بولۇپ، ئەگەردە ئۇيغۇر بولغان بولسا بەلكى دەرھاللا مەلۇم قىلىنغان بولار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە تېرورچىلار دەپ پەرەز قىلىنغانلارنىڭ شۇ كۈنلەردە تۇتۇش ۋە ئاختۇرۇشلار ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئۇيغۇرلار توپ ئولتۇراقلاشقان شەھەر سىرتىدىكى مەلۇم بىر جايدا ئەمەس، بەلكى ئالمۇتانىڭ مەركىزىدە تۇيۇقسىزلا پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى ھېچكىممۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. ساقچىلار قانداق قىلىپ ئۇلار بار ئۆينى ھۆكۈم قىلالىدى؟ (بۇ دەرھاللا خىتايلىق يولداشلىرىنىڭ ياردىمى بولغان، دېگەن كۆز قاراشنى پەيدا قىلغان ئىدى) ساقچىلار بۇنداق ھەيران قىلارلىق ئۇسۇل بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان خەتەرلىك پاسپورت تەكشۈرۈشكە زادى نىمە سەۋەبچى بولغان؟

مەلۇمكى، ئالماتا بازارلىرىدا ھەر دۆلەتتىن كەلگەن كۆپلىگەن سودىگەرلەر بار. ئۇلارنىڭ ئىچىدە خىتايدىن كەلگەنلەر كۆپرەك. يەرلىك مەتبۇئاتلارنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىدە قورال بار كەن. چۈنكى دائىم ساقچىلار ياكى باندىتلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراش ئادەتتىكى ئىش بولۇپ قالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆيگە [illegible]م ئاتلاپ كىرىشكە ئۇرۇنغان ساقچىلارغا ئوق چىقارغان [illegible] ئۇيغۇرلار بىلەن ساقچىلار ئارىسىدىكى توقۇنۇشنى قازاقستان ئىچكى ئىشلار مىنىسترلىكىنىڭ ھۆججەتلىرىدە ئېيتىلغاندەك سەۋەپلەردىن كېلىپ چىققان دېگەندىن كۆر[illegible]، يۇقىرىدا بىز دېگەندەك سەۋەپلەردىن كېلىپ چىققان دېيى[illegible] مەنتىقىگە زور دەرىجىدە ئۇيغۇن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، غالىپلا[illegible] مەيلى ئاز بولسۇن ـ كۆپ بولسۇن مەلۇم ئىشەنچلى[illegible] پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلاپ كۆچكە ئىگە قىلىشقا ھېچ ئۇرۇنغىنى يوق.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مەزكۇر گورۇپپىغا تەۋە ئايالنىڭ تەقدىرى مەلۇم ئەمەس. قازاقستان ئىچكى ئىشلار مىنىسترلىكىنىڭ يۈزەكى جاۋاپلىرىدىن قارىغاندا، ئۇ ئالماتادىكى بىر تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىدا تەكشۈرۈش ئاستىدا ئىكەن. ئۇ تۇتۇلغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ بالىلىرىنى بىر يەرلىك ئايال بېقىۋالغان ئىدى. ئۇنىڭ تەقدىرىگە ئەلۋەتتە قازاقستان قانۇن ھىمايىچىلىرى ھېچ قىزىقمايدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قازاقستان ۋە باشقا ئەللەردە يۈز بەرگەن بارلىق ۋەقەلەرنى ئۇيغۇر ئازاتلىق ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە ئىدىئالوگلىرى رادىكال ھالدا چۈشىنىپ يەتتى. ئۇلار بۈگۈنكى كۈندە قېرىنداش تۈركىي خەلقلەردىن ياردەم كۈتكەندىن كۆرە، غەرىبنىڭ ئۇز[illegible] مەسىلىلەرنى چۈشىنىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئويىغا كەلدى. بولۇپمۇ ئامېرىكا ۋە ياپونىيىنىڭ خىتاي تەسىرىنىڭ كۈچىيىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن بولغان قاتتىق نارازىلىقى ئۇلارنىڭ ــــ ئامېرىكا ۋە ياپونىيىنىڭ ئۇيغۇر مۇستەقىللىق ھەرىكىتىگە ياردەم بېرىشكە تەييار ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

# ئوتتۇرا شەرقتە نىمە بولىۋاتىدۇ ۋە نىمە بولماقچى؟

چىڭگىز جاندار

بېيرۇتتا «ئال ـ مۇستاقبال» گېزىتخانىسىدىن ئەتىگەن سائەت 2.30 دا يېڭى گېزىتلەر باسمىغا بېرىلگەندە ئايرىلغان ۋاقتىمدا كۆزلەر، قۇلاقلار تېخىچە رامالللاھتا ئىسرائىل ھۇجۇمىنىڭ ئەندىشىسىدە ئىدى. ئەتىسگەن سائەت 6.45 تە كۆزىمىزنى ئىسرائىلنىڭ ھۇجۇم خەۋىرى بىلەن ئاچتۇق...

«تارىخى بېيرۇت ئالى دەرىجىلىكلەر ئۇچرۇششى» دا ئېلىنغان ۋە ئوتتۇرا شەرق مەسىلىسى تارىخىدا تۇنجى قېتىم ئىسرائىلغا قارىتا پۈتكۈل ئەرەپلەرنىڭ تىنچلىق مەسئۇلىيەتچانلىقى ئەكىس ئەتتۈرۈلگەن بۇ قارارلارنىڭ خەۋىرى تېخى ئوقۇلمەنلەرگە ئۇلاشماستىنلا، ئىسرائىل تانكىلىرى رامالللاھقا ۋە ياسىر ئارافاتنىڭ قارارگاھىغا ھۇجۇمغا ئۆتتى. شارونىنىڭ تانكىلىرى بېيرۇتتىن سۇنۇلغان تەكلىپكە ئوت ئاچقان ئىدى.

شارون ئارافاتنى ئىسرائىلنىڭ دۈشمىنى دەپ ئېلان قىلدى ۋە دۇنيادىن ئادا ـ جۇدا قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ بىر قانچە كۈن ئىلگىرى ئارافاتنى ئۆلتۈرمەسلىك ھەققىدە بۇشقا بەرگەن ۋەدىسىگە پۇشايمان قىلغان ئىدى. ئارافات بولسا ئۆز تۇپرىقىدا شەھىد بولۇشنى ئارزۇلاۋاتقىنىنى ئېلان قىلدى. ئۇشبۇ ۋەزىيەتتە، بۇ دۇنيا ئۇنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايتى. شارون ئارافاتنى ئۆلتۈرەلىشى مۇمكىن، ئەمما تىز پۈكتۈرەلمەيدۇ.

بۇ مەنزىرە ئالدىدا بېيرۇت ئۇچرۇشىنىڭ تارىخى نەتىجىلىرى مەنىسىز بولۇپ قالدىمۇ؟

ياق، بېيرۇت ئۇچرۇششىنى تارىخى ئەھمىيەتكە ئىگە قىلغان نەرسە بېيرۇت خىتاپنامىسى نامى بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان تىنچلىق پىلانىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ياكى قويۇلماسلىقى ئەمەس. دەل ئەكسىچە، ئوتتۇرا شەرق مەسىلىسى تارىخىدا يېڭى بىر بەتنىڭ ئېچىلىشىدۇر. چۈنكى ئەرەبلەر ئىسرائىلنى 1967 ـ يىلىدىن بۇرۇنقى چېگراسىغا قايتقان تەقدىردە، بۇ بۆلگىدىكى ھەر قانداق بىر دۆلەتكە ئوخشاش قوبۇل قىلىدۇ.

ھازىرقى كۆپلىگەن ئەرەب دۆلەتلىرى، شەخسلىرى ۋە پەلەستىنلىكلەرمۇ ئىسرائىلنىڭ بۇ رايۇندىكى ئەمەلىي مەۋجۇدلۇقىنى قوبۇل قىلغان، ھەتتا يەھۇدى دۆلىتى بىلەنمۇ مۇناسىۋەت قۇرغان ئىدى. لېكىن ئوتتۇرا شەرق تارىخىدا ھېچقاچان پۈتۈن ئەرەبلەر ئىسرائىلنى بۆلگىدە قوبۇل قىلىش جەھەتتە ئورتاق ئىرادىگە كېلەلمىگەن ۋە ئورتاق مەسئۇلىيەت ئاستىغا كىرەلمىگەن ئىدى. بېيرۇتتا بۇنى ئەمەلگە ئاشۇردى ۋە تارىخقا «بېيرۇت خىتاپنامىسى 2002» ياكى «بېيرۇت ئۇچرۇششى قارارلىرى 2002» گە ئوخشاش بىر ھۆججەت قالدۇردى. بۇنىدىن باشلاپ ئىسرائىلنىڭ (تېخىمۇ مۇھىمى ئىسرائىلنىڭ مەۋجۇدلۇق ھىمايىچىسى بولغان ئامېرىكىنىڭ) ئەرەپلەرنىڭ نىيەتلىرىگە قارىتا مەنۋى كوزۇرى ياكى ئۈستۈنلىكى قالمىغان بولدى.

ئىسرائىلنىڭ بىخەتەر چېگرالار ئىچىدە ئوتتۇرا شەرقتە ياشىشىنى خالامسىز؟ ئۇنداقتا بۇ، ئىسرائىل

1967 ـ يىلىدىكى چىگرالىرىغا قايتىپ بېرىشى ۋە ئىشغال ئاستىدىكى زېمىنىدىن چېكىنىشى بىلەن مۇمكىن بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قارار ب د ت نىڭ 1397 ـ نومۇرلۇق قارارىغىمۇ ئۇيغۇن.

شارۇن ھۆكۈمىتىنىڭ بېيرۇت قارارلىرىغا مۇسبەت جاۋاپ بېرىشى چۈشەنچە نۇقتىسىدىن مۇمكىن ئەمەستى. شۇڭلاشقا بېيرۇت تېنچلىق ھەرىكىتىنىڭ ئۈچ ئادرېسى بار. ئۇ بولسىمۇ: ئامېرىكا، ئىسرائىل ۋە دۇنيا يەھۇدىلىرى. بۇ ئۈچىنىڭ ئالدىدا ئەرەب تېنچلىق پىلانىنى تۇتتۇشتەك ياخشى پۇرسەت بار. بۇنى تۇتقان تەقدىردە شارون ھاكىمىيتى ئاخىرلىشىدۇ ۋە ئوتتۇرا شەرقتە تېنچلىق ئۈمىدلىرى بىخ سۈرىشى مۇمكىن. ئوتتۇرا شەرقتە يېڭىدىن شەكىللەنگەن مەنزىرە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى سىياستىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر قىلغۇدەك ماھىيەتتە. ئامېرىكىنىڭ شارۇن ھۆكۈمىتىگە قارىغۇلارچە ئىگە چىقىشىنىڭ داۋاملىشىشى بۇ رايۇندا قان ۋە جان جىدىلىنىڭ داۋاملىشىشىدىن باشقىغا يارىمايدۇ.

ئالدىمىزدىكى كۈنلەردە ئەرەب تېنچلىق پىلانىنىڭ مىمارى بولغان سەئۇدى ئەرەبىستان شاھزادىسى ئەمىر ئابدۇللاھنىڭ تېكساستا بۇش بىلەن ئۇچرۇشىشى بۇ رايۇننىڭ يېقىن كەلگۈسىنى بەلگۈلىگۈچى ماھىيەتتە بولىدۇ. بۇ ئارىدا بېيرۇتتىن چىقىدىغان تېنچلىق ھەرىكىتىنىڭ بېيرۇت قارارلىرى بىلەن كۈچلۈك ھىمايە قىلىنغان پەلەستىن خەلقىنىڭ ھارمار ـ تالماس ئېنىرگىيىسىگە تايانغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كىرەك. بۇ ئېنىرگىيىنىڭ قانداق كۈچ ئىكەنلىكىنى ئىسرائىل تېنچلىق پەرۋەرلىرىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى زاتى ۋە پېشقەدەم قوماندان ئۇرى ئاۋنېرىينىڭ بىر كۈن ئىلگىرى IHT دا ئېلان قىلغان «ئاراقات بىر تۈگمىنى بېسىش بىلەنلا بومبىچىلارنى توسىيالمايدۇ» ناملىق ماقالىسىدىن چۈشىنىش مۇمكىن. بەزى كىشىلەرنىڭ كۆزىنى ئېچىش ئۈچۈن ماقالىنىڭ داۋامىنى ئورى ئاۋنېرىيغا بېرىمەن: «بىر خەلقنىڭ ھەممىسى ئۆچ ئېلىش ھېسسىياتىغا كەلگەن بولسا، ئۇلار خەتەرلىك دۈشمەن ھالىتىگە كەلدى، دېگەنلىك. چۈنكى ئۆچ ئېلىش تۇيغۇسى بۇيرۇق ئاڭلىمايدۇ. ئەگەر بۇ خىل ئۆچمەنلىك مىليونلارنىڭ قەلبىگە يەرلەشكەن بولسا، بىر تۈگمىنى بېسىش بىلەن توختاتقىلى بولمايدۇ. بۇ خىل ئۆچمەنلىك قېنىغا پاتمىغاندا ئاچچىقىنىڭ كۈچى بىلەن ئوزۇقلانغان ئۆلۈم پىدائى بومبىچىلىرىنى يارىتىدۇ. ھاياتىدىن ۋاز كېچىش باسقۇچىغا يەتكەن ئىنسان ئۆزىنى مەجبۇرلىغان ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلىشتىن باش تارتمايدۇ. پىدائى بومبىچىلار مەقسەدلىرىگە يەتمەستىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. لېكىن ئۇلار يۈزلىگەن، مىڭلىغان بولسا يەر يۈزىدىكى ھەرقانداق بىر بىخەتەرلىك كۈچلىرى ئۇلارنى توسىيالمايدۇ. باش قوماندان گېنىرال شائۇل موفاز ئۆتكەن ئاي ئىچىدە ئېلىپ بارغان ھەرىكەتلەر بۇ ئۆچمەنلىكنى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىگە يەتكۈزىۋەتتى. بۇ ئۆچمەنلىك ئۇنىۋېرسىتېت پروفېسسورلىرىدىن كوچا بالىسىغىچە، ئۆي ئاياللىرىدىن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىغىچە، ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىسىدىن ئەسەبىي دىندارغىچە بولغان ھەممە كىشىنىڭ يۈرىكىگە يەرلىشىپ كەتتى.

تانكىلار بىر شەھەرنىڭ مەركىزىگە ئۈسسۈپ كىرىپ ھەر تەرەپكە ئوت ئېچىپ، پۈتۈن نوپۇسنى ئالاقزادە قىلغاندا دەل بۇ ئۆچمەنلىككە يول ئاچقان بولىدۇ.

ئەسكەرلەر بىر ئۆينىڭ تېمىنى چېقىپ، ئائىلىلەرنىڭ دەم ئېلىش ئۆيلىرىگىچە بېسىپ كىرىپ چوڭلار ۋە بالىلارنىڭ يۈرىكىنى مۇجىغاندا، ئۆمۈر بويى ئىشلەپ تاپقان ـ تەرگەنلىرىدىن ئايرىغاننى ئاز

دەپ، يەنە شۇ ئۆيلەردىن بىر تامنى چېقىپ يان قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە بېسىپ كىرىپ ھەر يەرنى تارمار قىلغاندا بۇ ئۆچمەنلىككە يول ئاچقان بولىدۇ.

قوماندانلار قۇتقۇزۇش ماشىنىسىغا ئوت ئېچىش بۇيرۇقى بېرىپ، يارىدارلارنى قۇتقۇزىۋاتقان دوختۇرلارنى ئۆلتۈرگەندە بۇ ئۆچمەنلىككە يول ئاچقان بولىدۇ... ئاقىۋەت شۇكى، بۇ ئۆچمەنلىكمۇ ھەرگىز چارىسىز ئەمەس، پىدائىي بومبىچىلار ئۆلتۈرۈلگەن ھەربىر پەلەستىنلىك ئۈچۈن كوچىلاردىن، ئاپتۇۋۇزلاردىكى يولۇچىلاردىن، دىسكودىكى قىزلاردىن ... مەدەت ئېلىپ، ئىنتىقام ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ئاتىدۇ.

ئىسرائىللار بۇ پاجىئە ئالدىدا ئەخمەققە ئايلاندى. بىلەلمەيۋاتىدۇ پەلەستىنىنىڭ يېزا ـ قىشلاقلىرىدا نىمىلەر بولۇۋاتقىنىنى، بەلكى بىلىشنى خالىمايدۇ. ھەقىقەتەنمۇ بولۇۋاتقان ئىشلارنىڭ ناھايىتى ئاز ئىنكاسى ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىغا ئاران ئۇلىشىدۇ. ئىستائەتكار مەتبۇئاتمۇ ۋەقەنى باستۇرۇپ قويۇپ ئېلان قىلمايدۇ ياكى ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىدۇ.

گېنىراللار چۈشەنمىگەن بۇ كۆرەشنى چارىسىز ئىستەۋاتىدۇ ياكى ئۆكتەملىك بىلەن تولغان باياناتلارنى بېرىۋاتىدۇ: «بىز ئۇلارغا سالۋاق بەردۇق» ۋەياكى «تېرورىزىمنىڭ ھۇلىنى يوق قىلدۇق». مانا بۇ باياناتلار قىلغانلىرىنىڭ نىمە ئىكەنلىكىگە دائىر بالىلارچە بىر چۈشەنچە كەمچىللىكنى كۆرسىتىدۇ.

سۆيۈملۈك قېرىندىشى ئۆلتۈرۈلگەن، ئۆيلىرى خانىۋەيران بولغان، بالىلىرى ئالدىدا غۇرۇرى يەر بىلەن يەكسان بولغان بىر ئىنسان بازارغا بېرىپ پىلمۇت ئالىدۇ. بۇ خىل نەپرەت ھازىر ھەر يەردە بار.

قورال ئىنسان گورۇپپىلىرى ھەربىي شىرىتا ۋە گازا شەھرىنىڭ پۇتكۇل كوچىلىرىدا، يېزىلىرىدا ئايلىنىپ يۈرىشىدۇ. ئۇلار ھىچ بىر تەشكىلاتقا تەۋە ئەمەس. فەتىخ، خاماس ۋە ئىسلام جىھادچىلىرىنىڭ ئەزالىرى بىر ئارىغا كېلىپ ھۇجۇم پىلانلىرىنى تۈزىشىۋاتىدۇ. بۇلار ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمايدۇ. گەر كىم ياسىر ئارافاتنىڭ بىر تۈگمىنى بېسىپ ئۇلارنى توختىتالايدىغانلىقىغا ئىشەنسە، خىيال ئالىمىدە ياشاۋاتقان بولىدۇ. ئارافات ھەر زاماندىكىدىن بەكرەك سۆيۈلگەن ۋە چوقۇنۇلغان رەھبەر. لېكىن بۇ خەلقنىڭ ۋۇجۇدى ئۆچمەنلىك بىلەن تولۇپ تاشقان بولسا ئۇلارنى مىڭ ئارافاتمۇ توسۇپ قالالمايدۇ. ئەگەر مۇتلەق كۆپ قىسىم خەلق غۇرۇرلىرىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە، ئازاتلىقنىڭ كاپالەتكە ئىگە بولىشىغا ئىشەنسە، بۇ باشقا گەپ. ئۇ ھالدا تېرورىستلارغا بولغان جەمئىيەت ھىمايىسىمۇ ئازلايدۇ. جەمئىيەتتىن ئايرىلىپ، ئاخىرى يوقۇلۇشقا يۈز تۇتىدۇ. ئۆتمۈشتە شۇنداق بولغان. ئوسلو ۋاقتىدا ھۇجۇملار بار ئىدى. لېكىن ئەسەبىلەر ۋە ئۆكتىچىلەر تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلاتتى. جەمئىيەتنىڭ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىغا بولغان ئىنكاسى ئۇلار بېرىدىغان زىياننى ئازايتقان ئىدى.

ئىسرائىل ئەسكەرلىرىدەك، ئامېرىكا سىياسەتچىلىرىمۇ نىمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەيۋاتىدۇ. ئەگەر ئالدىن پىلانلانغان بىر ياردەمچى پىرىزدېنت ئارافات بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن كىشىنى خورلايدىغان شەرتلەرنى تاڭسا، ئوت ئۆستىگە ياغ چاچقان بولىدۇ. ئىشغال ئاستىدىكى بىر خەلققە قارىتا چۈشەنچىسىز بولغان بىر كىشىگە ئەڭ ياخشىسى «ئاغزىڭنى يۇم» دېگەن تەۋسىيە مۇۋاپىق. سەۋەبى: بۇ خىل خورلاش ئۇن نەچچىلىغان ئىسرائىللىكنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەپ بولىۋاتىدۇ.

چۈنكى، پىدائىي بومبىچىلار سەپكە تىزىلىۋاتىدۇ.»

# خىتاي - روسىيە ھەربىي مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدە ئۇچۇرلار

خىتاي بىلەن روسىيىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە ستراتېگىيىلىك مۇناسىۋەتلىرىنىڭ بىر قىسمى ھەربىي ھەمكارلىقتىن ئىبارەت بولۇپ، خىتاي مەزكۇر مۇناسىۋەتتە ئاكتىپلىق بىلەن روسىيىنىڭ ھەربىي تېخنىكىلىرىنى ئۆگىنىپ، ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن ماسلاشتۇرغان ھالدا ئۆزلىرىنىڭ ھەربىي تېخنولوگىيىسىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلدۇرۇشنى مەقسەت قىلغان. خىتاي - روس مەسىلىلىرىنى كۈزەتكۈچىلەرنىڭ مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، خىتاي روسىيە بىلەن تۆۋەندىكى تەرەپلەر بويىچە ھەربىي ھەمكارلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرگەن:

1 . ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا يۇقىرى دەرىجىلىك گېنېراللارنىڭ تەجرىبە ئالماشتۇرۇشىغا كۆڭۈل بۆلگەن بولۇپ، خىتاي ئازاتلىق ئارمىيىسى باش قوماندانلىق شتابى ئۆزىگە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارنى روسىيە قۇراللىق كۈچلىرى باش قوماندانلىق شتابى قارمىقىدىكى ئالىي ھەربىي ئىنستىتۇتقا بىر قانچە قارار ئەۋەتىپ، خىتايدا يوق ياكى ئاجىز ھېساپلانغان ئۇرۇش ستراتېگىيىسىگە ئائىت نەزەرىيىلەرنى ئىگىلىگەن.

مەلۇمكى، روسىيە قۇراللىق كۈچلىرى مەركىزى قوماندانلىق شتابى قارمىقىدىكى ئىنستىتۇت سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ھازىرقى روسىيىدىكى، شۇنداقلا خەلقئارادىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىلىك ئالىي ھەربىي ئىنستىتۇتلارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇنىڭدا ئاساسلىقى دىۋىزىيە كوماندىرلىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار قىسقا ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك كۇرسلار بويىچە تەربىيە كۆرىدۇ.

2 . ھەربىي تېخنولوگىيە ساھەسىدىكى ھەمكارلىق بولۇپ، خىتاي روسىيە بىلەن ھەربىي تېخنىكا ھەمكارلىقى كېلىشىمى تۈزۈش ئارقىلىق، روسىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ياردىمى بىلەن يادرو قوراللىرى تېخنىكىلىرىنى ئۆگىنىش ھەمدە روسىيە ئاتوم ئېنېرگىيە مىنىستىرلىكى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ، جاڭسۇ ئۆلكىسىدىكى ئاتوم يادرو ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش.

3 . خىتاي تەرەپ روس - خىتاي مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن ئەڭ نەپ بېرىدىغان ئاچقۇچلۇق نۇقتىسى روسىيىنىڭ ھەربىي تېخنولوگىيىسىنى ئۆگىنىش، دەپ قاراش بىلەن بىرگە، يەنە ئۆزلىرىنىڭ ھازىرقى جىددىي ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ، روسىيىنىڭ يۇقىرى تېخنىكىلىق قوراللىرىنى سېتىۋېلىپ خىتاي ئازاتلىق ئارمىيىسىنى قوراللاندۇرۇش ۋە شۇ ئارقىلىق قوشۇنلىرىنىڭ سۈپىتىنى، يۇقىرى تېخنىكىلىق قوراللاردىن پايدىلىنىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، كەلگۈسىدە ئۆزلىرى مەزكۇر تېخنىكىلارغا ئىگە بولغىچە ئەنە شۇنداق يۇقىرى تېخنىكىلىق قوراللاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنالايدىغان ئەسكىرى قىسىملىرىنى بەرپا قىلىش.

خىتاي بۇ مەقسەد بىلەن روسىيىنىڭ قورال - ياراق تىجارىتى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ بىر قىسمىنى ھەل قىلىش پىلانىدىن پايدىلىپ، رەسمى ۋە غەيرى رەسمى ئۇسۇللار بىلەن زور مىقداردا قورال سېتىۋالغان ئىدى.

مەلۇماتلارغا قارىغاندا، روسىيە بىلەن خىتاي دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ قورال - ياراق ئەتكەسچىلىكى بىلەن شۇغۇللانغۇچى دۆلەتلەردىن بولۇپ، روسىيە - خىتاي مەسىلىلىرىنى كۈزەتكۈچىلەرنىڭ ئىسپاتلىشىچە، 2001 - يىلى روسىيىنىڭ قورال - ياراق سېتىش قىممىتى 4 مىليارد

400 مىليون دوللارغا يەتكەن. خىتاي بولسا بىر مىليارد 200 مىليون دوللار قىممىتىدە قورال - ياراق ساتقان.

خىتايچە ۋە ئىنگلىزچە تىللاردا چىقىدىغان «ئوقۇرمەنلەر تور بېتى» دە بايان قىلىنىشىچە: خىتاي يېقىندا روسىيىدىن ئىككى دانە «سوۋرېمېننىي» تىپتىكى راكېتا ئورنىتىلغان ھۇجۇمچى پاراخوت ۋە ئۇنىڭغا كېرەكلىك ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋالغاندىن تاشقىرى، يەنە مۇشۇ بىرقانچە يىللار ئىچىدە 40 دانە «سۇك» ماركىلىق قىرغۇچى ئايروپىلان ھەمدە 50 دانە بۇخىل تىپتىكى ئايروپىلانغا يەتكىدەك زاپچاسلارنى سېتىۋالغان. خىتاي ئازاتلىق ئارمىيىسى يەنە 300 مىليون دوللار قىممىتىدە روسىيىدىن يېڭى تىپتىكى ئۆزۈن مۇساپىلىق ۋە قىسقا ھەم ئوتتۇرا مۇساپىلىق راكېتادىن مۇداپىيە كۆرۈش قوراللىرىنى سېتىۋالغان. بۇنىڭدىن باشقا خىتاي قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى يەنە روسىيىدىن سېتىۋالغان 200 مىليون دوللارلىق قورال - ياراق بىلەن قوراللاندۇرۇلغان.

خىتاي ئېلىپ بېرىۋاتقان مەزكۇر قورال - ياراق سودىسى بىۋاستە روس مەركىزى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بېجىرىلىش بىلەن بىرگە، يەنە روسىيىنىڭ يىراق شەرقتىكى قورال - ياراق زاۋۇدلىرى باشلىقلىرى ۋە يەرلىك مەمۇرى، ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ مەركەزگە بىلدۈرمەي قىلغان ئەتكەسچىلىك شەكلى بىلەنمۇ ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان. روس تامۇجنىسى كۆپ قېتىم بۇخىل ئەھۋالنى سەزگەن بولسىمۇ، ئۇنى توسۇپ قالالمىغان.

روس قوراللىرى، ئۈسكۈنىلىرىنى كۆپلەپ سېتىۋالغان خىتاينىڭ شىنياڭ ئايروپىلان زاۋۇتى ھەتتا «سۇك» ماركىلىق قىرغۇچى ئايروپىلانىنى قوراشتۇرۇش رۇخسىتىگە ئېرىشكەن. روس ئەمەلدارلىرىنىڭ چىرىكلىكىدىن پايدىلانغان خىتاي تەرەپ ئەتكەسچىلىك يولى ئارقىلىق قورال زاپچاسلىرىنى كىرگۈزۈپ، ئۆزلىرى قوراشتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن. روسىيىنىڭ بىر قىسىم مەمۇرى ۋە ھەربىي ئەمەلدارلىرى، تېخنىكلىرى خىتايغا قورال ئەتكەس قىلىشنى ئۆزلىرىنىڭ بېيىش ھەم قول ئاستىدىكىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش يولى قىلىۋالغان. ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ مەركەزدە يېشىل چىراق ياندۇرۇپ بېرىدىغان شېرىكلىرى بولۇشى تەبىئى.

جۇغراپىيىلىك ئورنى نۇقتىسىدىن قارىغاندىمۇ، روسىيىنىڭ بۇ خىل ئەتكەسچىلىكى ئۈچۈن ئەڭ مۇۋاپىق جاي خىتاي بولۇپ، روسىيىنىڭ مۇھىم ھەربىي زاۋۇدلىرى يىراق شەرق ۋە سىبىرىيە رايونلىرىغا جايلاشقان. شۇڭا روسلار خىتاي بىلەن بولغان ئامۇر دەريا چېگرىسىدىن ئىبارەت قولاي شارائىتتىن پايدىلىنىپ تاشقى دۇنيادىن يوشۇرۇن ھالدا نۇرغۇن قورال تىجارەتلىرىنى ئېلىپ بارغانلىقى ئېھتىمالغا يېقىن.

روسىيىنىڭ مۇنداق ئەۋزەل شارائىت يارىتىپ بېرىشى بىلەن خىتاينىڭ ھەربىي جەھەتتىن كۈنسايىن كۈچىيىپ بېرىشى ئامېرىكا باشلىق غەرب دۆلەتلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتقان بولۇپ، خەۋپلەرگە قارىغاندا پرېزىدېنت بۇشنىڭ خىتاينى زىيارەت قىلىشقا جىددىي تەييارلىقلار كېتىۋاتقان كۈنلەردە، ئامېرىكا كونگرېسى ئاخپارات كومىتېتىنىڭ يىغىنىدا مەركىزى ئاخبارات كومىتېتىنىڭ باشلىقى خىتاينىڭ ھەربىي جەھەتتىن ئۆزىنى كۈچەيتىپ ئاسىيادىكى قۇدرەتلىك چوڭ دۆلەتكە ئايلىنىپ، ئامېرىكىنىڭ ئاسىيا قىتئەسىدىكى ستراتېگىيىلىك تەسىرىگە تەھدىت سالىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنى خىتايدىن ھوشيار بولۇشقا چاقىرغان.

دېمەك، روس - خىتاي مۇناسىۋەتلىرى ھەربىي ستراتېگىيە نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بىۋاستە ئامېرىكىنىڭ مەنپەئەتى بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىشى مۇمكىن.

# دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىينىڭ بىرلىك ھەققىدىكى چاقىرىقلىرىغا قىسقىچە جاۋاب بەردى

بۈيۈك بىرلىكنىڭ زورۇرىيىتىنى ھېس قىلمىغان تەشكىلات مىللىي بۇرچىنى تونۇمىغان تەشكىلاتتۇر. بۈيۈك بىرلىكنىڭ قىممىتىنى ئېتىراپ قىلمىغان تەشكىلاتچى ۋە سىياسەتچى ۋىژدانىي بۇرچىنى توغرا تونۇمىغان لاياقەتسىز سىياسەتچىدۇر. بۈيۈك بىرلىكنى ھىمايە قىلمىغان ھەرقانداق دەۋاگەر دىنىي ئەقىدىسى مۇجمەل دەۋاگەردۇر. مۇھاجىرەتتىكە شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالىيىتى يولىدا ئەجىر قىلىۋاتقان دەۋا ئەھلىگە قارىتا بۇ مەنتىقىمىزنىڭ مۇقەددەسلىكىدىن ھېچ شۈبھىلەنمەسلىكىمىز كېرەك.

بۇ گۈنگە قەدەر مىللىي قۇرۇلتاي ۋە ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى ئورگانلار، شەخسلەر ئاشكارە ھەم يوشۇرۇن ھالدا دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيىنى ھەرخىل شەكىللەردە بىرلىككە دەۋەت قىلىپ كەلدى. دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى بىرلىكنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان، بىرلىكنى بۈيۈك غايە قىلغان، پۈتۈن دۇنيادىكى ۋەتەنپەرۋەر ئۇيغۇر ياشلىرى بىلەن ئومۇمىي بىرلىكنى ئاساسەن ئىشقا ئاشۇرغان ۋە كۈنسىرى مۇكەممەللەشتۈرۈش قەدىمىنى بېسىۋاتقان بولسىمۇ، مىللىي قۇرۇلتاينىڭ بىرلىك چاقىرىقلىرىنىڭ قەلەم بىلەنلا چەكلەنگەنلىكى، مەركىزى گېرمانىيىدە بولغان ئىككى تەشكىلاتنىڭ بىرلىكى ئۈچۈن ھېچ بىر ئەمەلىي قەدەم باسمىغانلىقى ۋە بىرلىك لايىھەلىرى ئۈستىدە ئىزدەنمىگەنلىكى سەۋەپلىك، بۇ بىرلىكنىڭ مىللىي قۇرۇلتاي چاقىرىقلىرىدا ئەكس ئەتكەن سەممىيەت ئۈستىگە قۇرۇلىدىغانلىقىغا ئاساس تاپالماي ھەم ئۇنىڭ ھەققەتەن بىر ئىجابىي نەتىجە ھاسىل ئېتىدىغانلىقىغا ئۈمىد باغلىيالماي كەلگەن ئىدى.

29 - ئىيۇن مىللىي قۇرۇلتاي رەھبەرلىكى ۋە ۋەكىللىرىنىڭ ياشلار قۇرۇلتىيى ئىجرائىيە كومىتېتى ئىشخانىسىغا بىرلىك تىلىكى بىلەن قەدەم تەشرىپ ئېتىشى، بىرلىك ئۈچۈن بېسىلغان ئەمەلىي قەدەم تەسىراتىنى بېرىپ، ياشلار قۇرۇلتىيىنى ئىشەنچكە ئۈندىدى. مىللىي قۇرۇلتاينىڭ بۇ قېتىمقى تەشەببۇسكارلىقىدىن مەمنۇنمىز. ئەمما بىرلىك ياڭراق شوئار ۋە چىرايلىق ۋەدىلەر بىلەنلا ئەمەلگە ئاشمايدۇ. بەلكى مىللىي قۇرۇلتاي رەئىسى ئەنۋەرجان بۇ قېتىم ۋەكىللەر ئالدىدا ئوقىغان بىرلىك دەۋىتىدىكى پىداكىرلىق ۋە سەممىيەتنىڭ ھەققەتەن ئەمەلىلىشىشى ئارقىلىق ھەممە ئۆزارا ئىشىنىش، چۈشىنىش ۋە يول قويۇشلار ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

مىللىي مەنپەئەتىمىز بىرىنچى. دەۋا نەدە ئاقىدىكەن شۇ يەردە ئىش ئېلىپ بېرىش، دەۋانى كىم ئاقتۇرالايدىكەن شۇ يېتەكچىلىك قىلىش، كىمنىڭ ھەق ۋە پايدىلىق بولسا شۇنىڭغا بويسۇنۇش پرىنسىپىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ھالدا بېسىلغان بىرلىك قەدىمىنىڭ نۇسرەت بىلەن نەتىجىلىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

ياشلار قۇرۇلتىيى بۇ گۈنگە قەدەر بىرلىككە مۇخالىپ سۆز - ھەرىكەتلەردە بولمىغانغا ئوخشاش، بۇندىن كېيىنمۇ بىرلىكنىڭ ھىمايىچىسى ۋە قوغدىغۇچىسى بولۇشقا تەييار. بۇ مۇساپىدە زىممىسىگە چۈشكەن ھەرقانداق پىداكارلىقلارنى كۆرسىتىشتىن باش تارتىشنى مىللەت ئالدىدا ئۆتكۈزگەن جىنايەت ھېساپلايدۇ!

بىرلىك سۆھبىتىنىڭ غەلىبىسىگە تەلەكداشمىز.

**دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى**

**ئىجرائىيە كومىتېتى**

2002 - يىلى 6 - ئىيۇل

# كۆك بايراق!

## دۇنيا پۇتبول مۇسابىقىسى سەھنىسىدە جەۋلان قىلغان

## ئاي - يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق

2002 - يىلى ئۆتكۈزۈلگەن 17 - نۆۋەتلىك دۇنيا پۇتبول مۇسابىقىسىنىڭ داغدۇغىسى دۇنيانى بىر ئالغان ئىدى. كورىيە بىلەن ياپونىيىدە داۋام قىلىۋاتقان بۇ مۇسابىقىلەر نەچچە يۈز مىليونلىغان تاماشىبىنلارنىڭ نەزىرىنى چېكىۋاتاتتى. ئاسىيادىن تاللىنىپ چىققان خىتاي كوماندىسى بىلەن ياۋروپادا شىددەت بىلەن باش كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقان تۈركىيە كوماندىسىنىڭ 13 - ئىيۇن كورىيىدە مۇسابىقىلىشىش خەۋىرى دۇنيانىڭ، بولۇپمۇ تۈركىيە ۋە خىتاينىڭ قاتتىق دىققىتىنى تارتتى. مۇھاجىرەتتە ۋەتەن دەۋاسى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان تۇغۇلغان شەرقىي تۈركىستان خەلقىمۇ ۋە ئەسىردىكى مىليونلىغان خەلق بىلەن ئوخشاش نەتىجىدە خىتايغا مەغلۇبىيەت تىلەيتتى. ئەمما ھېچكىممۇ بۇ تىلەكنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن نامايەن قىلىشنىڭ ئىمكانلىرىغا ئىگە ئەمەس ئىدى. مۇسابىقە باشلانغان 13 - ئىيۇن كۈنى، نەچچە يۈز مىليونلىغان كۆزلەر تۈركىيە - خىتاي مۇسابىقىسىنىڭ نەق مەيدان كۆرۈنۈشىگە مىختەك قادالدى. تۈركىيە كوماندىسى خىتايغا ئۈچىنچى توپنى كىرگۈزگەندە ياڭرىغان پۈتۈن دۇنيا تۈركلىرىنىڭ ئالقىش سادالىرى ئالەمنى بىر ئالدى. نەق مەيداندا مۇسابىقە كۆرۈۋاتقان نەچچە ئون مىڭ تاماشىبىن بىلەن تېلېۋىزور ئالدىدا مۇسابىقە كۆرۈۋاتقان مىليونلىغان تاماشىبىننىڭ كۆزلىرى خىتاي دەرۋازىسىغا كىرگەن توپقا ئاغدۇرۇلغان شۇ دەقىقىلەردە، ۋارتاتار ئارقىغا قادالغان ئاي - يۇلتۇزلۇق كۆك بايراقنىمۇ ئەزىزلىدەك سافەت قىلمىغان ئىدى. ھاياجانغا چۆمگەن تۈرك خەلقى شۇ ئان كۆك بايراقنى تونىدى ۋە كۆك بايراقنىڭ ھېدايەتلىشىدىن چەكسىز مەمنۇن بولۇشتى. ۋەتەن ئىچىدىكى ئۇيغۇر تاماشىبىنلارمۇ ھېلىقىچە يورۇق كۆرمىگەن ئۆز دۆلەت بايرىقىنىڭ دۇنيا سەھنىسىدە مىليونلىغان تاماشىبىنلارنىڭ ئالدىدا جەۋلان قىلىشىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەن ئىدى. ئۈچىنچى قېتىم دۇنيا پۇتبول مۇسابىقىسى سەھنىسىدە مۆجىزىدەك پەيدا بولۇپ قالغان كۆك بايراق ئۇلارنى سۆيۈنەلىگۈسىز ھاياجانغا ئەسىر قىلدى. ئۇلارنىڭ نەدىلار، پەخىرلىك كۆز ياشلىرى قەلبىنى لەرزىگە سالدى. ئۆي - ئۆيدە تېلېفونلار جىرىڭلاپ، بۇ خۇش خەۋەر ھاياللىرى ھەممە ياققا تارالدى. بۇنىڭ ئەھمىيىتى دىمەك بىر مىسالغا تىلىقىنى ئۇلار ياخشى بىلەتتى..... ئىستانبۇل ۋالىيسى بىلەن بىرگە نەق مەيدان كۆرۈنۈشىنى تېلېۋىزوردىن كۆرۈپ ئولتۇرغان مۇناپىق ئابلەت ئابدۇرېشىت ھېچ كۈتمىگەن بىر جايدا پەيدا بولۇپ قالغان كۆك بايراقنى كۆرۈپ، خىتاي ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا ئوخشاشلا قاتتىق بىئارام بولغانلىقىنى يوشۇرالمىدى. بىرى تۈرك مېتىرلىرى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىغا ئارقا - ئارقىدىن تېلېفونلار ئۇرۇپ، بۇ ئىشنى كىمنىڭ قىلغانلىقىنى سوراشتۇرۇپ تاپالمىدى ۋە كىملا قىلغان بولمىسۇن، ئۇلۇغ بىر ئىش قىلغانلىقىنى مەدھىيىلەپ كېتىشتى..... كۆك بايراق خىتايغا ئىككىنچى - ئۈچىنچى ئۇرۇق ئېتىلغاندا ۋە تاكى مۇسابىقە ئاخىرلاشقىچە خىتاينىڭ ئەمەلدارلىرىچە مەغلۇبىيىتىگە تىلەكداش بولۇپ، مىليونلىغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يۈرەك سادالىرىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇردى. ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارمۇ كىملەرنىڭ غەيرىتىدىن بۇ مۆجىزىنىڭ رويابقا چىققىنى بىلىش تەشناللىقىدا ھەر تەرەپتىن سوراشتۇرۇپ قىلىشماقتا ئىدى. دۇنيا سەھنىسىگە بايراق قاداپ غەلىبە قازانغان ئەزىمەت ھازىرقى يۇرتى لوندونغا ساق - سالامەت قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ ھەرىكەتنىڭ تەشكىللىگۈچىلىرى ئاشكارا بولدى. بۇ، دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەتەن ئىستىقلالىيىتى يولىدا كۆرسىتىۋاتقان تىرىشچانلىقلىرىنىڭ ئەمەلىيلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇلار ھامان ئەنە شۇنداق ئۈن - تىنسىز بىر ئىشلارنى قىلاتتى ۋە قىلغانلىرىغا ھېچ قاچان مىننەت قىلمايتتى.

خەلق دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيىدىن يەنە بىر قېتىم چەكسىز مەمنۇن بولدى!

**ئاللاھ ئۇلارغا مەدەتكار بولسۇن!**